# يارىلانغان يۈرەك



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# يارىلانغان يۈرەك

( چەت ئەل شائىرلىرىنىڭ نادىر شېئىرلىرىدىن تاللانما )



تۈزۈپ تەرجىمە قىلغۇچى : پەرھات ئىلياس

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى : مۇنارجان توختاخۇن
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى : مەكىخان
مەسئۇل كوررېكتورى : پەرىدە ئەلى
تېخرىداكتورى : ياسىن تۇردى

# يارىلانغان يۇرەك

( چەت ئەل شائىرلىرىنىڭ نادىر شېئىرلىرىدىن تاللانما )

تۈزۈپ تەرجىمە قىلغۇچى : پەرھات ئىلياس

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
( ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 No )
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى كومپيۇتېر بۆلۈمىدە تىزىلدى
قۇمۇل ۋىلايەتلىك باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 1092 × 787 مىللىمېتىر 32 / 1
باسما تاۋىقى : 6.75 قىستۇرما ۋارىقى : 2
1998-يىل 3 - ئاي 1 - نەشرى
1998-يىل 3 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى : 5000 — 1
ISBN7—228—04343—X/I • 1587
باھاسى : 7.00 يۈەن

## مۇندەرىجە

**تاگور ( ھىندىستان )**
ھەسرەتلىكلا بولسا گەر سۆيگۈڭ ........................ 1
يايرىمنىڭ گۈزەل نامى ........................ 2
رەڭدار تۇيغۇلار ........................ 2
زىيانىنى تولدۇرۇش ........................ 4
كېلىدۇ مۇھەببەت ياشلىقىم بىلەن ........................ 5
شېئىرلار ........................ 6
ئۇچقۇنلار ........................ 8
**ئوكاكى ئۇرۇئو ( ياپونىيە )**
بىز ........................ 18
**تاكېتومو سوخېي ( ياپونىيە )**
كۆز خازانلىرى ........................ 20
**خورىگۇچى دايىگاكۇ ( ياپونىيە )**
يوقتۇر باشقا ئۈمىدىم مېنىڭ ........................ 1
**كاۋارۇ ئېيگو ( ياپونىيە )**
تۆگە ........................ 23
**شىماساكى فۇجىمۇرا ( ياپونىيە )**
سەھەر ........................ 24
يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇر تەكتىدە ........................ 24
**ئىنوئې ياسىشى ( ياپونىيە )**
نىگارغا ........................ 26
**ساتو خارۇئو ( ياپونىيە )**
كىشىلەر چۈشەنمەي ئۆتكەن كۈنلەردە ........................ 28

**كاۋاي يوشمى ( ياپونىيه )**
دولقۇن ئىزلىرى ........................................ 29
**كىم سۈيى ( كورىيه )**
سېغىنىش ........................................ 30
ئويلىمايتتىم ئىلگىرى ........................................ 30
يار ئىككىمىز باش قويغان ياستۇق ........................................ 31
كېيىن ........................................ 32
تەنها قەبرە ........................................ 33
سۆيگۈ قەسىدىسى ........................................ 33
**ۋېتياگون چانگون ( تايلاند )**
مۇمكىنمۇ قورقۇنچاق بولۇپ ياشىماق ........................................ 35
**پۇشكىن ( روسىيه )**
تومۇرۇمدا يېلىنجار سۆيگۈ ........................................ 37
هاياتتا خورلۇققا ئۇچرىساڭ ئەگەر ........................................ 37
ئارزۇ ........................................ 38
گۈل ........................................ 38
باهار ، ئەي باهار ........................................ 39
« مېنىڭ ئىسمىم . . . » ........................................ 40
**لېرمونتوف ( روسىيه )**
ئاگىلىغاندا هەر قېتىم سېنىڭ ........................................ 41
ئايرىلدۇق ۋە لېكىن سېنىڭ رۇخسارىڭ ........................................ 41
خەنجەر ........................................ 42
بەختلىك هاياتنى دەيتتىم ئىلگىرى ........................................ 43
**كيۇ خېلبېكېر ( روسىيه )**
روسىيه شائىرلىرىنىڭ تەقدىرى ........................................ 44
**يېسېنىن ( سوۋېت ئىتتىپاقى )**
تۇنجى قار ........................................ 46





« ئاي رۇجەكتە . . . » ........................................ 47
خەير خوش ، خەير خوش سۆيۈملۈك دوستۇم ........................................ 47
دېگىنىز غىڭشىپ ئېيتماقتا ناخشا ........................................ 48
گۈزەل ئايدىڭ ، ئاھ زۇمرەت كېچە ........................................ 49
**درۇننا ( سوۋېت ئىتتىپاقى )**
مۇهەببەت ........................................ 50
**ياشىن ( سوۋېت ئىتتىپاقى )**
پويىز ........................................ 1
**روژدېستۋېنسكىي ( سوۋېت ئىتتىپاقى )**
ماۋزۇسىز ........................................ 3
**ئىساكوۋسكىي ( سوۋېت ئىتتىپاقى )**
ياز دالاسى ، ئالتۇن ئېتىزدا ........................................ 5
**يېۋشېيېۋا ( سوۋېت ئىتتىپاقى )**
ئىشەنچ ........................................ 6
**ئاخماتوۋا ( سوۋېت ئىتتىپاقى )**
مېنى كۆرۈپ قانمايسەن ، لېكىن بەكمۇ سىرلىقسەن ... 7
**شېللې ( ئەنگلىيه )**
قۇرۇپ قالغان ۋىئولېت گۈلى ........................................
سۆيگۈ پەلسەپىسى ........................................
. . . گە ........................................
**د . ھ . لاۋرېنس ( ئەنگلىيه )**
ئاخىرقى رېئاللىق ........................................
بۇژغۇن ........................................
روهلار بايرىمى ........................................
**كونگراف ( ئەنگلىيه )**
بولسىمۇ ئۇ بىسادىق ........................................

ئارنولد ۋېسكېر ( ئەنگلىيە )
ھەممە نەرسە بېزەر ئۆزىدىن ........ 65
ئالدىڭتون ( ئەنگلىيە )
تىرىكلەر قەبرىسى ........ 69
پەرۋاسىز شېئىر ........ 69
ئىماگ ........ 70
ھۇلمې ( ئەنگلىيە )
كۆز ........ 73
بۇرنس ( شوتلاندىيە )
قىزىل ئەتىرگۇل ........ 74
كۇمۇش قەدەھ ........ 75
مارى ........ 76
ۋېرلىن ( فرانسىيە )
كۆز ناخشىسى ........ 78
پائۇل فور ( فرانسىيە )
چەمبىرەك ئۇسسۇل ........ 79
بەخت ........ 79
فرانز كافكا ( ئاۋسترىيە )
شېئىرلار ........ 81
ئاندېرسون ( دانىيە )
سەكراتتىكى بالا ........ 83
پېتوفى ( ۋېنگرىيە )
بولسام دەيمەن بىر دەرەخ ........ 85
بولاي دەيمەن بىر ئېقىن ........ 85
بۇ دۇنيا شۇ قەدەر چوڭدۇر ۋە لېكىن ........ 87
زېمىن نېمە يېگەنتىڭ ؟ ........ 88
ئورماندا قۇش ........ 88



ھېرمان ھېسسې ( شۋېيتسارىيە )
سۆيگۈ ناخشىسى ........ 89
ھېنرىخ ھېينى ( گېرمانىيە )
بىلسە ئەگەر ئۇز چېچەك ........ 90
مۇڭلانما يۈرىكىم، مۇڭلانما ........ 91
جىمىرلاپ تۇرىدۇ يۇلتۇزلار جىمجىت ........ 91
ئۆزگىرىدۇ بۇلار ئاقىۋەت ........ 92
ئېرنىست شۋاز ( ئاۋسترىيە )
ئويلايتتىم ئىلگىرى بىر دېڭىز بولسا ........ 93
مونتالې ( ئىتالىيە )
بەخت ........ 94
ئانتونىئو بوتتو ( پورتۇگالىيە )
سونېت ........ 95
1 ــ ناخشا ........ 96
2 ــ ناخشا ........ 96
فلوربېلا ئېسپانكا ( پورتۇگالىيە )
ئازابلىرىم ........ 98
ئېچىنىمەن ........ 99
كارلوس كىروس ( پورتۇگالىيە )
كېچىككۇچىلەر ئۇچۇن تۆت شېئىر ........ 100
كارلوس ئولىۋېرا ( پورتۇگالىيە )
بالىلىق ........ 103
ئانتونىئو لۇيس مويىتا ( پورتۇگالىيە )
سەپەردىكى كېمە ........ 106
ئانتونىئو راموس روسا ( پورتۇگالىيە )
زېمىن لىرىكىسى ........ 107
يوسى فېررېيرا ( پورتۇگالىيە )

بەك ئۇزاق ياشاشمۇ ئوخشاشلا ئازاب ! ........................ 108
يىغلىمايمەن ........................................... 110
**فېرناندو پېسسوئا ( پورتۇگالىيە )**
ئايدىڭ كېچە ، يىراق بىر جايدا ........................ 112
كۆزلىرىم كۆرۈنمەس يىراق بىر جايدا ................... 113
قاراڭغۇلۇق قەسىدىسى ................................ 114
هاياتىم تاشلاندۇق ، ئەسكى بىر كېمە ................. 115
بەخت ئۇ ياتقان تەن دەرەخ تۇۋىدە .................... 116
**كاموئېس ( پورتۇگالىيە )**
مۇھەببەت ــ يالقۇنى كۆرۈنمەس گۈلخان .............. 117
**داۋىد ئوۋادىيا ( بولغارىيە )**
چىن دىلىمدىن سۆيگەچكە سېنى ....................... 118
**م . ئېمىنېسكۇ ( رومىنىيە )**
ئەگەر ..................................................... 119
**لوركا ( ئىسپانىيە )**
دېڭىز سۈيى قوشىقى ................................... 120
ئەللەي ناخشىسى ...................................... 121
ئەڭ دەسلەپكى ئارمان قوشىقى ......................... 122
بىر قىزغا شۇئىرلاپ ئېيتقانلىرىم ..................... 123
ۋېرلىن ................................................... 124
چەۋەنداز ناخشىسى .................................... 125
**خىمېنېز ( ئىسپانىيە )**
كېچە كۈيى ............................................. 127
سىز مېنى ئوخشىتىپ بىمەنە سۆزگە ..................... 127
بولسىمۇ سۆيگۈمىز ئاجىز ھەم سوغۇق ................... 128
قەلبىم گويا تۈپتۈز داغدام يول ........................ 128
تىرىكلىكىمگە ئابىدە .................................... 128





كىم بىلىدۇ بولغۇسى كۈننى ........................... 128
**ناچات زىكرىيا ( يوگوسلاۋىيە )**
شائىر ..................................................... 130
تەبەسسۇملىرىم .......................................... 131
**ئاسو سۇبوۋ ( يوگوسلاۋىيە )**
سۈكۈت .................................................... 132
**مىخائېل رېندېزوۋ ( يوگوسلاۋىيە )**
ئەسلەپ سېنى ............................................ 133
**كول نېدركوۋسكى ( يوگوسلاۋىيە )**
يارىلانغان يۈرەك ....................................... 134
**مارك چېۋانكېۋ ( يوگوسلاۋىيە )**
يىغلىماقتا ماكېدونىيە ................................ 136
**د . ماكسىموۋىچ ( يوگوسلاۋىيە )**
كاشتان ................................................... 137
**ۋېتمان ( ئامېرىكا )**
تۆۋەنگە باق گۈزەل تولۇن ئاي ........................ 139
ئادەم كەبى بىر كۈنى تاڭدا ............................. 139
مەرسىيە .................................................. 140
**دىككىنسون ( ئامېرىكا )**
تاللىۋېلىپ دوستىنى قەلب .............................. 145
بولسام دەيمەن باھارىڭ سېنىڭ ......................... 146
**سارا تېسدال ( ئامېرىكا )**
ئۇنتۇ ئەمدى ئۇ ئىشنى ................................. 147
**لانستون خۇگېس ( ئامېرىكا )**
كىيىمىمنى يۇيدۇم پاكپاكىز ............................ 148
ئامېرىكىنى كۈيلەيمەن مەنمۇ ............................ 149
ھەقىقەت كۆزى كور ئىلاھە گويا ......................... 150

ستېفېن كران ( ئامېرىكا )

ئۇرۇش دېگەن شەپقەتلىك كېلۇر ........................ 151

ئامى لوۋېل ( ئامېرىكا )

كۆز تۇمىنى ........................ 153

ئاق تاش ........................ 153

پابلو نېرۇدا ( چىلى )

دېڭىز ساھىلىدىكى گۈل قەسىدىسى ........................ 154

مىسترال ( چىلى )

تەڭرى ........................ 156

ئۆلۈم سونېتلىرى ........................ 159

غەمسىنىش ئۈيۈمغا كەلمەيدۇ زىنھار ........................ 161

غەمكىنلىك ........................ 161

سەرسان يۈرگەن يەھۇدى قىزى ........................ 162

سىم – سىم يامغۇر ياغار توختىماي ........................ 164

ئۈچ تۈپ دەرەخ ........................ 165

ئوكتاۋىئو پاز ( مېكسىكا )

ئىككى تەن ........................ 167

سېنىڭ كۆزلىرىڭ ........................ 168

ھەرىكەت ........................ 168

قىز ........................ 170

شائىرنىڭ قەبرە تەزكىرىسى ........................ 171

ياز تۈنى ........................ 171

تاش بىلەن گۈل ئارىلىقىدا ........................ 173

بورگېس ( ئارگېنتىنا )

شېئىر سەنئىتى ........................ 183

خوسې مارتى ( كۇبا )

مېنىڭ چەۋەندىزىم ........................ 185





ساددا شېئىرلار ........................ 186

ر . ب . رېۋاس ( ۋېنېسۇئېلا )

سۆيىمەن سېنى ھايات ........................ 188

قوشۇمچە :

چەت ئەل شائىرلىرىنىڭ شېئىر ۋە شائىر ھەققىدە ئېيتقانلىرى ........................ 190

# تاگور

( ھىندىستان ، 1861 ـ 1941 )

## ھەسرەتلىكلا بولسا گەر سۆيگۈك

ھەسرەتلىكلا بولسا گەر سۆيگۈك ،
نە ھاجىتى ساڭا سۆيگۈنىڭ ؟
نادانلىقتۇر بەكلا بۇ بىلسەڭ .
بېرىپ قويغاچ ئۇنىڭغا كۆڭلۈك ،
كۆڭلۈك ئۇنىدىن مۇھەببەت سورار !
تومۇرۇڭدا ئارمان يېلىنجار ،
كۆزلىرىڭدە سەۋدالىق چاقنار .
نە ھاجىتى بەدەل تۆلەشنىڭ
بۇنچىلا كۆپ تەكرار ۋە تەكرار ؟

ئۆز ـ ئۆزىدىن تاپار قانائەت
بىھاجەتمەن ، تاماسىز كىشى .
ئۇ ئۇچۇندۇر يازنىڭ شاملى ،
گۈللەر ھەمدە قۇشلار سايرىشى .
ئەگەر سۆيگۈ قارا تۈن كەبى
ئازابلىسا پۈتۈن دۇنيانى ،
يۈتىۋەتسە ياشلىق ، ئۆمۈرنى ،
نە ھاجىتى ئىزدەشنىڭ يەنە

گۆر مىسالى زۇلمەت بۇ تۈننى ؟

## يايرىمىنىڭ گۈزەل نامى

يايرىمىنىڭ گۈزەل نامى
تارىلىپتۇ گۈلدىن گۈللەرگە .
ئۈنتۈلغان كۈي ئويغاندى يەنە
شۇئان يۈرىكىمدە .
يۈرىكىم ھەم
تولدى ئۈمىد يالقۇنى ئىلە .
كەلمىدى يار ، لېكىن چېچىمنى
سىلىماقتا ئۇنىڭ قوللىرى ،
ئاپرېلدىكى خۇشبۇي دالادىن
ئاڭلانماقتا مەيىن ئاۋازى .
كۆكتە ئۇنىڭ ئوتلۇق نىگاھى ،
نەلەردىدۇر كۆزلىرى لېكىن ؟
سۆيۈشلىرىن ئېپ كېلەر شامال ،
نەلەردىدۇر لەۋلىرى لېكىن ؟

## رەڭدار تۈيغۇلار

### 1

قاقاقلاپ كۈلگەنچە بىر دولقۇن كەبى
ئېتىلدىڭ قەلبىمگە ، ئالدىڭ ئۇندىن جاي .
ياشلىق دېڭىزىدا ئاي تولغان چاغ بۇ ،
شوخ تاشقىنلار تاشقىندار تىنماي .



پۇتلىرىڭ ئۇسسۇلغا چۈشكەن رىتىملىق ،
بويلايسەن ئەسەبىي دولقۇنلارنى سەن .
ساھىلىمدا مېنىڭ بۇ يالغۇز
نېمە ئويۇن ئويناۋاتىسەن ؟
كۈي ، ئۇسسۇللىرىڭ تولغان يۈرەككە ،
بىلمەيمەن ئۇچراشتۇق نەچچە قېتىملاپ ،
سەن يېقىن كېلىسەن ، كېتىسەن يەنە .
قاقاقلاپ كۈلگەنچە بىر دولقۇن كەبى ،
قۇچىقىمغا ئاتتىڭ ئۆزۈڭنى .

### 2

ئويغىنىپلا سەزدىم سەن گويا
ماڭلىيىمغا سۆيۈپ قويغاندەك ،
بولدۇم ھەمدە سېنى كۆرگەندەك .
ئاستاغىنا بولدۇڭسەن پەيدا
ئۇخلاپ ياتقان قىرغاقتا ،
يېڭى نۇرلار ئارىسىدا .
چاچلىرىڭ چۇۋۇلغان ، تۇرسەن ئەنە ،
پۇتلىرىڭ گۆش كەبى قىزىرىپ كەتكەن .
سەن كېلىپ قەلبىمدىن ئالدىڭ لىق ئورۇن ،
تاڭ يورۇپ ئاسمانمۇ تولدى سەن بىلەن .
ھەممە جانلاندى ، ياشلىق بېغىدا
ئېچىلدى گۈل ـ چېچەك رەڭدار ھەم لىۋەن .
ئويغىنىپلا سەزدىم سەن گويا
ماڭلىيىمغا سۆيۈپ قويغاندەك ،
كۆز ئالدىمدا ئايان بولغاندەك .

## 3

ئۇھ تارتىپ سولاشقان بىر گۈل مىسالى
قۇچىقىمغا ئاتتىڭ ئۆزۈڭنى .
پىنھاندىكى شەبنەملەر كەبى
كۆز ياشلىرىڭ نەم قىلدى دىلنى .
سۇكۇتلىرىڭ خۇشپۇراقلىرى
سىڭىپ مېنىڭ مەۋجۇتلۇقۇمغا ،
سۇكۇتلىرىم روھى قەسرىدە
قۇتلۇق چۇشنى قىلماقتا جاكا .
ھارغىن ئۇيقۇ باستى كۆزۈمنى
سىلاشلىرىڭ شادلىقلىرىدا .
ئاقماقتا سۆيۈشلىرىڭ تومۇرلىرىمدا .
ئۇھ تارتىپ سولاشقان بىر گۈل مىسالى
قۇچىقىمغا ئاتتىڭ ئۆزۈڭنى .

## زىيانىنى تولدۇرۇش

بار ھەسرەت ، بار ئۈمىد .
بار ھىجراننىڭ ئاچچىق ئازابى ،
باردۇر لېكىن ئارام ، شادلىقمۇ
ھەم ئويغاقتۇر ئىلاھىنىڭ كۆزى .
ئاقار تىنماي مەڭگۈلۈك ھايات ،
كۈلەر قۇياش ، ئاي ۋە يۇلتۇزلار .
باھار كېلەر رەڭدار تون كىيىپ .
توزۇپ يەنە ئېچىلار گۈللەر ،



تىنجىپ يەنە دەۋرەر دولقۇنلار .
يوقتۇر زىيان ، يوق ئاخىرقى نۇقتا ،
يوق ئەزەلدىن كەمتۈك بىر نەرسە .
روھ قانائەت قەسرىدىن چۈنكى
تېپىۋالغان بىر جاي ئۆزىگە .

## كېلىدۇ مۇھەببەت ياشلىقىم بىلەن

كېلىدۇ مۇھەببەت ياشلىقىم بىلەن
ئويناقلاپ ئاققان بىر شارقىراتمىدەك .
كېلىدۇ ئۇ يىراق ، تىك چوققىلاردىن
گاھى خۇش ، گاھىدا كۆڭلىدە تۈتەك .
ئاقار ئۇ تاشقىنداپ ، بۇژغۇنلار چېچىپ ،
تاشلاردىن تاشلارغا سەكرەپ ، تاشلىنىپ .
بۇ ئېنىق دۇنياغا ئېلىپ كېلىدۇ
نا ئېنىق دۇنيانىڭ سۆزلىرىنى ئۇ ،
ھېچكىمنىڭ ئېسىگە كىرىپ چىقمىغان
سىرلىق بىر دۇنيانىڭ سۆزلىرىنى ئۇ .
مۇھەببەت ئېپ كېلەر ئىنسانكارلىقنى ،
غەليان قىلىش قىزغىنلىقىنى
چەكلىك نەرسىلەرگە بۇ ھاياتتىكى .

بۇگۈن مۇھەببەت
ئۈنسىز بىر تەسەللى بىلەن بىرلىكتە
يوشۇرۇنغان تېرەن بىر جايغا .
ئۇ يەنە
كائىناتتىكى تىنچلىق بىلەن

ئايلانغان كۆچمەيلا بىر تەن ـ بىر جانغا .
يۇلتۇز نۇرلىرىدۇر ئۇنىڭ نۇرلىرى ،
سەجدىگاھتىكى ئورمان بېزىكى ـــ
گۈللەرنىڭ ئۈزلىقىدۇر ئۇنىڭ ئۈزلىقى .

شېئىرلار

42

بەلكىم تاشلار بىر كۈنى
سەن ياقتۇرغان كىشىلەر سېنى .
لېكىن كۆڭلۈم سەن بۇنى
زىنھار ، زىنھار ئېغىر ئالمىغىن .
بەلكىم كېتەر ئۈزۈلۈپ
ئارزۇ ـ ئۈمىد يىپلىكىڭ ،
يىگىلەر ھەم خەمىكىڭ ،
لېكىن كۆڭلۈم سەن بۇنى
زىنھار ، زىنھار ئېغىر ئالمىغىن .
بەلكىم بولۇر قاراڭغۇ
سەن ئارغۇچە ئۆيۈڭگە .
ئۆز قولۇڭ بىلەن
چىراغ ياقماق ئارزۇيۇڭ
ئايلىنار بىر كۆپۈككە .
سەن چالغاندا ئىسىل كۈي
ئوراپ ئالسا قۇشلار زوقلىنىپ ،
بەلكىم ئاكا ـ ئىنىڭ شۇندىمۇ
تەسىرلەنمەي تۇرار قارىشىپ .



لېكىن كۆڭلۈم سەن بۇنى
زىنھار ، زىنھار ئېغىر ئالمىغىن .
قوپۇرۇلغان تاملار تاشلاردىن ،
ئىشىكىمۇ ئېتىلگەن مەھكەم .
بەلكىم ئۇنى قانچە چەكسەڭمۇ
ئېچىلماس ، بىر شەپىمۇ يوق ھەم .
لېكىن كۆڭلۈم سەن بۇنى
زىنھار ، زىنھار ئېغىر ئالمىغىن !

79

تاڭ ھىجرانىچۈن چەكمەكتە ئازاب .
ئال سازىڭنى ، چالغىن ئەي شائىر !
كەتكۈڭ بولسا ، بوپتۇ كېتىۋەر
شەبنەم باسقان كۆز گۈللىرىگە
قالدۇرۇپلا ناخشاڭنى ، ھازىر .
بۇنداق سەھەر كېلىدۇ يەنە
شەرقتىكى ئالتۇن ئۇپۇقتىن
يەسمەن گۈل قىسىپ چېچىغا .
گۈللۈكتىكى سايىۋەن يولدا
كەپتەر ئۈنلەپ ھېرىپ قالغاندا ،
مۇھەببەتلىك يېشىل ئويلارنىڭ
ئەللىيىدە مەست بوپ قالغاندا ،
بۇ يارقىن چۈش ئۆرلەيدۇ يەنە .
سېنىڭ شېئىر قوڭغۇراقلىرىڭ
جىرىڭلايدۇ تېخىمۇ لەرزان
ئۇنىڭ چىرايلىق يۈتلىرىدا .

شۇنداق بولسۇن ، بوپتۇ كېتىۋەر
بولساڭ راستلا كېتىش ئويىدا .

**82**

ئىزدەيمەن مەڭگۈگە ئۆزۈمنى تىنماي .
بىراق قانداق تونۇيمەن
سىياقى ، ئوبرازى ئۆزگىرىپ تۇرغان
سەرگەردانىنى چۈشلەردە ئۇچقان ؟

ئاۋازىنى تۇرىمەن ئاڭلاپ
شېئىرلىرىم قەلب قەسرىدە ،
لېكىن بىلمەيمەن ئۇ زادى نەدە .

چاغ ئۆتمەكتە ، نۇرلار ئۆچمەكتە ،
كەچكى شامالدا قىلماقتا جەۋلان
ھىجران كۈيى يولۇچى چالغان .

## ئۇچقۇنلار

**1**

ئەي جانان ، تونۇماي قاپتىمەن سېنى ،
نا تونۇش سۆزلەرگە ئالساڭ مۆكۈنۈپ ،
گوياكى ھەيۋەتلىك ئېگىز بىر چوققا
كۆرۈنمەي قالغاندەك تۇتەككە چۆكۈپ .



**2**

سەيلە قىلىپ بارسام ئورمانغا ،
كۈتۈۋالدى بىر گۈل خۇش كۈلۈپ .
مېنى زىنھار قالما ئۇنتۇلۇپ !
شۇنداق دەپلا كەتتى ئۇ تۇزۇپ .

**3**

زەپەر دەرۋازىسى زوراۋانلارنىڭ
گۇم بولدى ، قالدى چاڭ ـ توزان ئىچىدە .
ئەمدىچۇ ، ئويناماقتا سەبىي بالىلار
ئۇندىكى خارابىلىككە ياسىشىپ قەبرە .

**6**

گۈللۈكلەرنى ئارىلاپ
ياسىدىم كۆپ گۈلچەمبەر ،
ئېسىۋالدى بويىنىغا
بىر كىشى كېپ تاڭ سەھەر .
بۈگۈن ئاخشام كېلەر كىم
سېۋەتنى كۆتۈرۈپ ؟
ياساپ بېرەي ئاڭا تاج
ياپراقلارنى ئۆتكۈزۈپ ،

**7**

تاڭ قۇياشى تۈن ساھىلىدىن
ئېلىپ كەلدى گۈلدۈرمامىنى .

تاڭ شەپىقى ئىللىق قوينىدا
ئويغاتتى ھەم بار مەۋجۇداتنى .

**11**

سېنىڭ مۇھەببىتىڭ ئەي رەسىدە قىز
گوياكى پىشمىغان كۆپكۆك توڭ مېۋە .
يۈرسەن جان پىدا قىلالماي ئاڭا
بوغۇلۇپ نومۇسىنىڭ ئاسارىتىدە .

**13**

مەسۇم بىر گۆدەك ،
بىلمەيدۇ ئۇ
نېم سەۋەنلىك ئۆتكۈزگىنىنى .
يىغلىغانچە يۈرىدۇ ئىزدەپ
يۇلتۇزلار ئارىسىدىن
تۆكۈلگەن بىر چېچەكنى .

**15**

زەر نۇرلارنى بۇلۇتلار
بىرىتىپ كەچكى قۇياشقا ،
غەمكىن كۈلكىلەرنى
قويغان ئىكەن قالدۇرۇپ ئايغا .



**24**

گۈل بىلمەيدۇ
ئۆزىنىڭ قانچىلىك گۈزەللىكىنى .
گۈزەللىككە ئېرىشەر ئاسان
ھەم ئاسانلا يوقىتار ئۇنى .

**46**

خۇشال پەرۋاز قىلىۋاتقان قۇش
پايانسىز كۆككە
يازماقتا خەتسىز
ئىزھار قىلىپ ھەسرەتلىرىنى .
نالىسىدىن ئويغىنىپ شۇئان
ئۇچۇپ كەتتى يۈرىكىمۇ ھەم ،
پەرلىرىنىڭ خۇشاللىقلىرى
ئېلىپ كەتتى قەلەمدانىمنى .

**52**

تۇرغىنىدا قېشىدا
ئۇنتۇپ قالار دائىما .
كەتكىنىدە يىراققا
نەقىش ئەيلەر دىلىغا .

## 58

مەيلى سەن قانچىلىك شۆھرەتكە ئېرىش ،
يوقىلار بىر كۈنى چاڭ ـ توزان ئىچرە .
قالدۇرساڭ ناۋادا ئېسىل بىر كۈينى
ئەقىل ئىلاھەسى ساقلار جان ئىلە .

## 60

قەيەر ئاسمان ؟
نە زېمىن ؟
كۆتۈرۈلگەن
ھەممىسى ئەستىن .
شۇڭا قەلب ئىزدەر گۈل
يۇلتۇزلارنىڭ ئارىسىدىن .
كىر گىنىدە گۈلشەنگە
يۇلتۇز ئىزدەيدۇ لېكىن .

## 61

بۈگۈن بىر ئاقار يۇلتۇز
چۈشتى قەلبىم بېغىغا .
قەلب چەشمەم ئېچىلىپ شۇئان
تولدى ئېرىقلار ياشقا .



## 74

ھەقىقەتنى قوغدار خۇراپات
ھەقىقەتنى ئالىقاندا تۇتۇپ .
بىلىپ ـ بىلمەي قويار ئۆلتۈرۈپ
لېكىن ئۇنى چىڭ تۇتماق بولۇپ .

## 104

سەن باھار قۇشى
دەرەخزارغا شادلىق باشلىغان .
توۋلىماقتا ئۆز ناخشىسىغا
ئاۋازىڭنى دوراپ كۆك ئاسمان .

## 118

چىرىغىنى ياندۇر ئازابىنىڭ ،
قىدىرىپ كۆر قەلبىڭ قەسرىنى .
ئۇچراپ قالار بەلكىم تۇيۇقسىز
زەر ـ گۆھەرنىڭ قۇرۇماس كانى .

## 119

ئازاب گويا باھار يامغۇرى
توختىماستىن شارىلداپ ياغقان .
شادلىق ـ چاقماق يالتتىدە قىلغان ،

پەرىشتەدۇر ھەم
مېيىغىدا كۈلۈپ قارىغان .

127

تۇغۇلىدۇ يېڭى شەيئىلەر
يۈرىكىدە كونا شەيئىنىڭ .
چۈشەن ئوبدان يېڭى شەيئىنى ،
يەتكىن ئاۋۋال تەكتىگە ئۇنىڭ .

133

قۇشلار سايرار
بىلمەيدۇ لېكىن
جان تەسەددۇق ئېكەنلىكىنى
قۇياشقا بۇنىڭ .
گۈللەر ئېچىلار
بىلمەيدۇ لېكىن
ياد ئەتمەكلىك ئېكەنلىكىنى
قۇياشنى بۇنىڭ .

143

سۆيگۈ شادلىقى
بىردەملىك پەقەت .
لېكىن ئازابى
تۈگىمەس ئەبەت .



178

ھەقىقەت
ئەقىل كۆكنى قىلىدۇ پارلاق .
شەبنەملىرىدە مۇھەببەت
سۇغىرىدۇ يۈرەكنى چاڭقاق .
ھايات دەرىخى
بېرەر شۇندا بەخت مېۋىسى ،
يۇمران ياپراق ـ شاخلىرى ئارا
بېزەك ئېتىپ خۇشبۇي گۈللەرنى .

180

ئازابلىغۇڭ كەلسە قانچىلىك ،
ئازابلىغىن ، بوپتۇ ، سەن مېنى !
ئۆزۈڭ بىلەن ئېلىپ كەت بىراق
بۇ ھەسرەتلىك ، غەمكىن كۆڭلۈمنى !
باغچىدىكى خۇش پۇراق گۈلنى
كېتىۋېتىپ ئالدىڭسەن ئۈزۈپ ،
ئەمدى نېچۈك كەمسىتىپ ئۇنى
تاشلىۋەتتىڭ ، كەتتىڭ ئۇنتۇلۇپ ؟
ئەڭ ياخشىسى ، ئۇنى ئەي نىگار
گۈلچەمبەرگە قويغىنسەن قوشۇپ !

183

سۇغا چۈشكەن گۈللەرنى
سۈزۈۋالاي دېمىگىن .

دولقۇنلارغا بولۇپ يار
ئېقىپ يۇرسۇن ئۇ ئەركىن .

**196**

قانچىلىك ماختىما ئۆلگەن كىشىنى ،
تىرىلىپ ئۇ قايتا ئاچماس كۆزىنى .

**197**

تۇپراق بەرگەن ئوزۇقى بىلەن
ئىسكەنجىگە ئالار دەرەخنى .
كۆك قۇياشىنىڭ نۇرلىرى بىلەن
ئېرىشتۇرەر ئەركىكە ئۇنى .

**201**

بولسىمۇ گەر ھەيۋەتلىك ، گۈزەل
ھەسەن - ھۈسەن يىراق جايدىكى ،
مەن سۆيىمەن ئاجىز قاناتلىق
كېپىنەكنى ئانا يەردىكى .

**213**

ئۇ ئازابنى ئۇنتۇلدى دېسەم ،
بار كەن تېخى دىلدا ئىزناسى .
ساھىلدا قاراڭغۇ چۈشىنىڭ
جىلۋە قىلدى يۇلتۇز شولىسى .



**236**

ئۇتتۇقلارغا ئېرىشكەن چاغدا
باش چۆكۈرۈپ ئويلانغىن راسا .
بىلىمىڭنىڭ كەمتۈكلۈكىنى
ھېس قىلىسەن پەقەت شۇندىلا .

**244**

ئاكا - ئىنىلار ئارا قىرغىنلىق —
تەگرىگە قارشى ئۇرۇش قىلغانلىق .

# ئوكاكى ئۇرۇئۇ

( ياپونىيە ، 1901 — )

## بىز

بىز
لۈكچەك دېيىلدۇق
سوتسىيالىست دېيىلدۇق
ساتقۇن دېيىلدۇق
ۋەتەن خائىنى دېيىلدۇق
تۈكۈرۈلدۇق
جازالاندۇق
باغلاندۇق
ئېسىپ قويۇلدۇق
ئۇرۇلدۇق
تېپىلدۇق
ئاياغ ئاستى قىلىندۇق
لېكىن بىز
پۇشايمان قىلمىدۇق
قورقمىدۇق
تەڭرى ئالدىدا
بۇ ئىشلارنى نومۇس بىلمىدۇق

تۈگمەيدۇ دۇنيانىڭ چېكى
قۇياش كۆلگەن ئاسمانغا قاراپ



بار ئاۋازدا ناخشا توۋلىدۇق
چۇقان سالدۇق
ھەممە بىردەك ئاپىرىن ئېيتتۇق
قول تۇتۇشۇپ
مۈرىلەرنى مۈرىگە تىرەپ
داغدام يولدا
ئالغا قاراپ قەدەم تاشلىدۇق

# تاكېتومو سوخىي

(ياپونىيە، 1891 ـ 1954)

## كۆز خازانلىرى

زەئىپلىشىپ بارماقتا قەلبىم
كۆز تۆكۈلگەن ياپراقلار كەبى.
كەچكى گۇگۇم، زۇمرەت، سۆزۈك كۆك،
شاخلار ئارا ۋىلىلدار ھۆسنى.

كۆز تۆكۈلگەن مىسكىن ياپراقلار
تۆكۈلمەكتە قەلبىمگە ئاستا.
غۇر ـ غۇر ئۇچقان شىمال شامىلى
جان بەرمەكتە خىياللىرىمغا.



# خورىگۇچى دايىگاكۇ

(ياپونىيە، 1892 ـ 1980)

## يوقتۇر باشقا ئۈمىدىم مېنىڭ

شېئىرىم ئۈچۈن
يوقتۇر باشقا ئۈمىدىم مېنىڭ.
كەچ، قىرغاقتا، قۇمۇشزارلىقتا،
قۇمۇش نەيىنىڭ مەيىن ئاۋازى،
ياز، نۇرانە، ئىللىق تاڭ سەھەر،
كۈن نۇرىغا چۆمۈلگەن ئۆيلەر،
شادىيانە سايرىغان قۇشلار
ۋە ئۇلاردىن چېھرىڭدە سېنىڭ
ئەكس ئەتكەن ئۇتلۇق تۇيغۇلار.
شېئىرىم ئۈچۈن شۇلاردىن بۆلەك
يوقتۇر ئارزۇ ـ ئۈمىدىم مېنىڭ.

شېئىرىم ئۈچۈن
يوقتۇر باشقا ئۈمىدىم مېنىڭ
قۇياش كەبى نۇرلۇق، جىلۋىدار،
سەلكىن كەبى ئويناق چاچلىرىڭ،
ئۈزۈم كەبى مىققىدە تولغان،
قول تەگمىگەن سىرلىق ئەمچىكىڭ
ۋە شۇلاردىن مۇھەببىتىمىزدە

ئەكس ئەتكەن گۈزەل جامالىڭ .
شېئىرىم ئۈچۈن شۇلاردىن بۆلەك
يوقتۇر ئارزۇ ـ ئۈمىدىم مېنىڭ .

شېئىرىم ئۈچۈن
يوقتۇر باشقا ئۈمىدىم مېنىڭ .
ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان
كىچىككىنە شۇ ئۈمىدلەرچۈن
تىنىقلىرىم چىقار شۇنچە تېز ،
ھاياتىمۇ خارابتۇر پۈتۈن .
شەيدادۇرمەن شېئىر يازماققا ،
شۇندىن بۆلەك
يوقتۇر ئارزۇ ـ ئۈمىدىم مېنىڭ .



## كاۋارۇ ئېيگو

( ياپونىيە ، 1888 ـ 1959 )

### تۆگە

قارىچۇقىڭدا
بىر پايانسىز قۇم بارخانلىرى
كوكۇسزارنى بويىغان قاندەك
كەچكى قۇياش يىراق جايدىكى

كۆزۈڭدىكى مېھرىبانلىقتىن
چۈشلىرىڭنى يەتتىم ھېس قىلىپ
بۇ كۆرۈنگەن قايسىبىر تۇپراق ؟
بۇ كۈلبىلەر زادى كىمنىڭكى ؟
ھېچ ئىش يوقتەك چايناماقتىمەن
بالىلار ساڭا
تاشلاپ بەرگەن سەدىقىلەرنى

يۇرتقا بولغان سېغىنىشلىرىڭ
مۆكۈندىمۇ قەلبىڭ تەكتىگە ؟
يۇرت سۆيگۈسى — گۈزەل چۈشلىرىڭ
سفىنكس ۋە ئەلئېھراملاردىن
قالغان شېرىن ئەسلىمىلىرىڭ
تالان ـ تاراج بولۇپ ئاخىرى
ئايلاندىمۇ ئەمدى كۆپۈككە ؟

# شىماساكى فۇجىمۇرا

(ياپونىيە، 1872 ــ 1943)

## سەھەر

خالايمەن
تاڭ سەھەردە قىزغۇچ بۇلۇت بوپ
كۆك يۈزىدە ئۈزۈپ يۈرۈشنى
خالايمەن
بولۇپ سەھەر ئاسمىنى
تۈننى سۈرۈپ كۈننى كۈتۈشنى
خالايمەن
بولۇپ تاغدا ئويناق بىر ئېقىن
يېشىل توندا جىلۋە قىلىشنى
خالايمەن
بولۇپ تاغدا يېشىل بىر گىياھ
ئايىغىدا ئاپئاق كەپتەرنىڭ
ئىللىقلىقىم تۆھپە ئېتىشنى

## يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇر تەكتىدە

يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇر تەكتىدە



ياتار بىر سىر ئېيتقىلى بولماس.
لېكىن ئۆزۈم تۇرمۇشقا تۇتقۇن،
سەندىن بۆلەك ھېچ كىشى بىلمەس.

بولۇپ قالسام ناۋادا بىر قۇش
ئۇچار ئىدىم دېرىزەڭ ئەگىپ.
سايرار ئىدىم تاغدىن كەچكىچە
يۈرىكىمنى ساڭا ئىزھار قىلىپ.

بولۇپ قالسام ناۋادا موكا،
ئويناتمىنى ئاپئاق قولۇڭدا،
باھار كەبى خىياللىرىمنى
سىڭدۈر تال ــ تال يىپلار ئارىسىغا.

بولۇپ قالسام ناۋادا ئوتلاق،
ئاچاي كەڭرى باغرىمنى ساڭا.
رازىمەنكى بولسامۇ پاتقاق،
گەر سۆيگىلى بولسا يۇتۇڭغا.

ئۇھ تارتىمەن ئاچچىقتىن ئاچچىق،
يۈرىكىمدىن ئۆرلەيدۇ پىراق.
نەمدىمەكتە ياستۇقنى يېشىم،
بولبۇل ياتار ئۇيقۇلۇق بىراق.

سۆزلىرىم كۆپ ئېيتقىلى ساڭا،
قانداق ئىزھار قىلاي مەن ئۇنى؟
ئاڭلىغىلى بولىدۇ پەقەت
چەككىنىڭدە يۈرەك تارىنى.

# ئىنۇئې ياسىشى

( ياپونىيە، 1907 — )

## نىگارغا

ياشىماقنىڭ نېمە ھاجىتى
قىيان كەبى داۋالغۇپ، قايناپ.
بولغىن سۈزۈك سۇ،
سوغۇق، جىمجىت ھەمدە جىلۋىدار،
خىلۋەت ياردىن ئاققىن تامچىلاپ.

باھاردىكى گىلاسقا ئوخشاش
ياسانمىغىن ئۈنچە غارايىپ.
بولغىن
بەرگىلىرى ئىزغىرىن سوغدا
تۇرغىنىدەك خۇش پۇراق چېچىپ،
كۆزلىرىڭنى يىراققا تىكىپ،
قىشتىمۇ ھەم تۇرغىن ئېچىلىپ.

ئاڭلىمىساڭ ئاڭلىما، مەيلى،
ئىلاھ كۈيى — گۈلدۈرمامىنى،
ئاڭلا لېكىن ئۇچقۇر شامالنى.
دەرەخلەرنى سىلىپ ئۇسسۇلغا،
دالالارنى يېقىپ باغرىغا،
سەھرالارنى بۆلۈپ تاشلىغان



شۇ ئاۋازلارغا.

ئەي، نىگارىم
شېرىن چۈشكە بولمىغىن ئەرمەك.
بولغىن خۇددى بولتۇرقى يىلدەك،
كېلەر يىلى يەنە شۇنىڭدەك.
ئويغان!
ئەي باھارنىڭ زىننىتى قۇياش.
ئويغان!
ئەي نىگارىم، چېھرى يورۇڭقاش.

# ساتو خارۇئو

( ياپونىيە )

## كىشىلەر چۈشەنمەي ئۆتكەن كۈنلەردە

كۆڭلۈمدە نېمە بار تۆكتۈم بارىنى ،
ئاڭلارغا يوق لېكىن بىرەرمۇ ئىنسان .
ئاقماقتا قان شىرغىپ قەلب يارامدىن ،
ئۇنىڭدىن ھېچ كىشى ئەمەستۇر ھەيران .

كىشىلەر سۆيگۈسى ھەممىدىن قايناق ،
قەلبدۇر ھەممىدىن ئازابلىق ، مىسكىن .
ئاھ قەلب ، سەن شۇنچە سۆيۈملۈك ، سېنى
كۆرگىلى ، تۇتقىلى بولمايدۇ لېكىن .



# كاۋاي يوشىمى

( ياپونىيە ، 1874 — 1965 )

## دولقۇن ئىزلىرى

قايتتى بۇژغۇنلار ،
ساھىللاردا قالدى ئىزلىرى .

دېڭىز دولقۇنى
ئۇرۇلماقتا نەم ساھىللارغا ،
بىر تاشلاندۇق قۇلۇلە قېپى
ئىنتىلمەكتە شوخ دولقۇنلارغا .

تەۋرەنمەيدۇ دېڭىز چۆپلىرى ،
قىران چېغى يېتكەن چېھرىدىن ،
ئاللىقلىقىن كۈتەر دېڭىزنىڭ
ھەم ئۇيقۇنلار شوخ سۆيۈشلىرىن .

لەيلەپ يۈرگەن ھارغىن ياغاچلار
پارچىسىدۇر بەلكىم كېمىنىڭ .
تەسەللىلەر كۈتەر ئۇلارمۇ
تاشقىنىدىن بۇ كەڭ دېڭىزنىڭ .
قايتتى بۇژغۇنلار ،
ساھىللاردا قالدى ئىزلىرى .

# كىم سوۋيى

( كورىيە، 1902 — 1934 )

## سېغىنىش

باھار تېخى كەلمەستىن تۇرۇپ
گۈللەر تېخى توزۇماي تۇرۇپ
قۇياشمۇ ھەم پاتماستىن تۇرۇپ
يوللىرىغا قاراپ، تەلمۈرۈپ
يايرىم كەلسە دەيمەن قېشىمغا

ئۇچماقتا شامال
باسماقتا تۈتەك
ئاي كېچىچە باقمىدى روشەن
تۈن قارانچۇقى بولغۇسى يوقتەك

غېرىبلىقتا تولدى بۇ دىلىم
يار ۋەسلىڭگە يېتىمەن قاچان ؟
قۇشلار يەنە سايرىغان كېچە
بولسام دەيمەن باغرىڭغا بوستان !

## ئۆيلىمايتتىم ئىلگىرى

ئۆيلىمايتتىم ئىلگىرى :
مەيلى باھار، مەيلى ياز



ئاينى ئاخشام چىقار دەپ

ئۆيلىمايتتىم ئىلگىرى :
ئۆيلىغاندا سېنى دىل
ساراڭلىقتا تولار دەپ

ئۆيلىمايتتىم ئىلگىرى :
ئاسماندىكى ئاي بۇنچە
پاك ـ غۇبارسىز بولار دەپ

ئۆيلىمايتتىم ئىلگىرى :
غۇبارسىز ئاي قەلبىمگە
ھەسرەت ـ ئازاب سالار دەپ

## يار ئىككىمىز باش قويغان ياستۇق

جان بېرىشىم لازىممۇ
كۆزلىرىمگە ئېلىپ ئىسسىق ياش ؟
سايە تاشلار دېرىزىگە ئاي

ياش ئىچىدە
بىلىكىمگە قويۇپ بېشىمنى
كىرپىك قاقماي ئاڭلايمەن تۈندە
توخۇلارنىڭ چىللاشلىرىنى

قېنى ئۇ
يار ئىككىمىز باش قويغان ياستۇق ؟
ئۇخلىغانتۇق ئۇنىڭدا بىللە

سۆيگۈ ئوتى يالقۇنلىرىدا

باھار، ئىدىر ـ جىلغىلار ئارا
سايرىماقتا بۇلبۇل يىراقتا
جۈپتى ئۈچۈن قىلىپ جان پىدا

قېنى ئۇ
يار ئىككىمىز باش قويغان ياستۇق ؟
سايە تاشلار دېرىزىگە ئاي

## كېيىن

ئىسمىمنى چاقىرساڭ ئەگەر بىر كۈنى
دېمەنكى : بۇرۇنلا ئۇنتۇدۇم سېنى

ئاغرىنىپ دېيىشىڭ مۇمكىن ئىچىڭدە :
ساڭا سېغىنىشىم بىر گۈلخان ئىدى
ۋە لېكىن ئامالسىز ئۆچۈردۈم ئۇنى
تىللارسەن ئېھتىمال مېنى تالاي رەت :
پەقەت ساڭا ئىشىنەلمىگەچ
ئامالسىز ئۈزدۈممەن يۈرەك رىشتىمنى

كۈنلەر ئۆتتى، ئايلارمۇ ئۆتتى
سېغىنىمەن ھەركۈن، ھەر تۈنى
تاكى ئۇنتۇپ كەتكۈچە سېنى



## تەنھا قەبرە

قاچان سەندىن ئايرىلدىم
قەلبىم بولدى يېگانە قەبرە
باھار كەلدى، لېكىن ئۇنىڭدا
ئېچىلمىدى بىرەر گۈل ـ غۇنچە

ئون يىل گويا
ئون ئەسىردەك بىلىندى ماڭا
ھەر باھاردا سېغىنىشلىرىم
قانات قېقىپ ئۇچىدۇ ساڭا

ئەستىلىكتىن
ھەممە نەرسە ئۆچىدۇ ھامان
پەقەت ئاشۇ قالمىش ھەسرەتلا
يېڭىباشتىن قىلىدۇ جەۋلان

ھېچبىر جايدا
دەردلىرىمگە يوقتۇر تەسەللى
قاراڭغۇلۇق ئەسىر قىپ مېنى
چىرمىماقتا ھەسرەت دىلىمنى

## سۆيگۈ قەسىدىسى

سېنىڭ تاتلىق ئاۋازىڭ
ئەسىر قىلىپ جىسمىمنى
نەمدىيەكتە روھىمنى

ئاڭلايمەن تىنماي
يۆلەنگەنچە ئىشىك تۈۋىگە
تۈن كېچىدە تاكى مەۋجۇدات
چۈش قوينىغا غەرق بولغۇچە

لەرزان ناخشاڭ مەيىن دولقۇنى
شېرىن چۈشكە باشلىدى مېنى
يالغۇز ياستۇق، ياتىمەن تەنها
ئېغىر ئۇيقۇ چىرماپ جىسمىمنى

ئاڭلانمىدى بىراق ئۇ ناخشاڭ
كۆزۈم ئېچىپ ئويغانسام
ئاڭلاپ بولۇپلا
چىقتى ئەستىن، ئۇنتۇلدى تامام



# ۋېيتياگون چانگون

( تايلاند، 1946 — )

## مۇمكىنمۇ قورقۇنچاق بولۇپ ياشماق

ئېسىمدە ھېلىمۇ باللىق چېغىم:
تاياق يەپ ئۆيۈمگە
يىغلاپ بارغىنىم.
دەرد ئېيتسام ئانامغا،
كۆڭلۈم ياسىماي،
دېگىنى شۇنداق سۆز، تۇرۇپ قالغىنىم:

« بولدۇڭمۇ سەن شۇنچە قورقۇنچاق بالا؟
ناكامۇ قول - پۇتۇڭ، كەلمەمدۇ كارغا؟
خەق سېنى ئۇرغاندا باش ئېگىپ تۇرساڭ،
قالامسەن ئاقىۋەت نومۇس ۋە ئارغا؟! »
بۇ سۆزنى قەلبىمگە ئەيلىدىم مۆھۈر،
كۆپ ئۇرۇش - جېدەلدە كۆرسەتتىم غەيرەت.
ئۆگەندىم جانبازلىق، چېنىقتىم تالاي،
ئويلىدىم: بۇ ماڭا مەڭگۈلۈك ئادەت.

ۋە لېكىن يەتكەندە بۈگۈنكى كۈنگە،
ئەۋجىدى تېخىمۇ بوزەك قىلىشلار.
بىلدىمكى، ھاجىتى يوق باتۇرلۇقىنىڭ،

كىم قۇلاق يوپۇرماس ، كۈنى تۇغۇلار !
چىنلىقتىن ئۆزىنى قاچۇرار ھەممە ،
قارىماس ئەمادەك ئۆيىنىڭ سىرتىغا .
يالغاندىن پاك بولار ، سالمايدۇ قۇلاق ،
كۆڭلىدە نە سىر بار ، تىنماس ئىنسانغا .
باسسىمۇ جاھانىنى ناھەقچىلىكلەر ،
يۇرۇشەر خىرامان ، يەتمەس يادىغا !

« بولدۇڭمۇ سەن شۇنچە قورقۇنچاق بالا ؟
ناكامۇ قول – پۇتۇڭ ، كەلمەمدۇ كارغا ؟
خەق سېنى ئۇرغاندا باش ئېگىپ تۇرساڭ ،
قالامسەن ئاقىۋەت نومۇس ۋە ئارغا ؟ ! »



# پۇشكىن

( روسىيە ، 1799 _ 1837 )

## تومۇرۇمدا يېلىنجار سۆيگۈ

تومۇرۇمدا يېلىنجار سۆيگۈ ،
ئىشقىڭ ئۇرغاچ دىلىمغا جەنجەر .
كەل سۆيۈپ قوي ، سۆيۈشلىرىڭگە
يېتەلمەيدۇ لەزىزمەي ، ئەنبەر .

ياق يۈزۈمگە مېھرىبان يۈزۈڭ ،
ئۇخلاپ قالاي غەمسىز – پىراقسىز .
ئۇخلاي تاكى كېچە پەر يېيىپ ،
خۇشال كۈندۈز يېتكۈچە ئۇنسىز .

## ھاياتتا خورلۇققا ئۇچرىساڭ ئەگەر

ھاياتتا خورلۇققا ئۇچرىساڭ ئەگەر ،
مۈڭلانما ، دىلىڭنى ئۆرتىمىسۇن غۇم !
سەۋر گە موھتاجدۇر ئازابلىق چاغلار ،
ئىشەنگىن ، شاد كۈنلەر كېلىدۇ چوقۇم .

ئەتىگە ئىنتىلىپ سوقىدۇ يۈرەك .
بۇ كۈنلەر ھەسرەتلىك بولسىمۇ گەرچە

تۇگەيدۇ بەربىر ، لېكىن ئۆتمۇشكە
ئايلانسا ئۇ ئەزىز تۇيۇلار شۇنچە .

## ئارزۇ

يىغلايمەن ، ياشلىرىم ماڭا تەسەللى ،
غەزەپلىك لەۋلىرىم كەتكەن كىرىشىپ .
قەلبىمدە چايقىلار ئالەمچە پىغان ،
مۇڭ ۋە قۇت ياتىدۇ ئۇندا چىرمىشىپ .

ئۇچ ئەگىپ يۇرمەستىن ئېھ شېرىن چۈشلەر !
يوقالغىن خىياللار ، سىڭىپ زۇلمەتكە .
مۇھەببەت ئازابى مەن ئۇچۇن تاتلىق ،
رازىمەن يار ئۇچۇن كىرسەم لەھەتكە .

## گۈل

كىتابنىڭ قېتىدا كىچىككىنە گۈل ،
قۇرىغان ، يوق ئۇندا نە بىر خۇش پۇراق .
بەھىر ئېپ ئۇنىڭدىن ئويغاندى دىلىم ،
خىيالىم قەسرىگە يېقىلدى چىراغ .

ئۇ نەدە ئېچىلغان ؟ قايسى باھاردا ؟
ياشىغان قانچىلىك ؟ كىم ئۈزدى ئۇنى ؟
دوستۇممۇ ۋە ياكى ناتونۇش بىرى ؟
كىتابقا قىستۇرۇش نېمىنىڭ ۋەجى ؟

ئەسلىمەك ئۇچۇنمۇ شېرىن چاغلارنى ؟



ياكى بىر پۈتۈلمىش ھىجران بەلگىسى ؟
ۋە ياكى خىلۋەت باغ ، جىمجىت دالادا
يېگانە سەيلىنىڭ ئىز ـ ئەسلىمىسى ؟

ھاياتمۇ شۇ يىگىت ؟ ساقمىدۇ شۇ قىز ؟
نەدىكىن ؟ قەيەرنى ئەيلىدى ماكان ؟
يوقىلىپ خۇش ھىدى بەلكىم ئۇلارمۇ
شۇ سىرلىق گۈل كەبى بولغاندۇ خازان .

## باھار ، ئەي باھار

باھار ، باھار ، سۆيگۈ باھارى ،
يۈرىكىمنى قىستىڭ سەن كېلىپ ،
يېقىمسىز بىر غۇۋا ئەندىشە
قانلىرىمغا كەتتى سىڭىشىپ . . .

شادلىق تامام ئۆچكەن دىلىمدىن ،
ناتونۇشتۇر ئەمدى ئۇ ماڭا .
بارچە شەرەپ ، بارچە خۇشاللىق
ئېپ كېلىدۇ قايغۇ پەقەتلا .

قايتۇرۇپ بەر ، قايتۇرغىن ئەمدى
شىۋىرغانلىق كۈنلىرىمنى سەن .
قايتۇرۇپ بەر قىشتىكى زۇلمەت ،
ئۇزۇن ـ ئۇزۇن تۈنلىرىمنى سەن .

## «مېنىڭ ئىسمىم...»

ئەمدى نە ھاجىتى ساڭا ئىسمىمنىڭ ؟
ئۆلدى ئۇ ، تىنغاندەك سۈيى دېڭىزنىڭ
ساھىلغا ئۇرۇلۇپ غەمكىن شىرىلداپ ،
تۈندىكى ئورماندەك ئاستا شۇۋىرلاپ .

ئۆچۈشكە باشلايدۇ ئىزناسى ئۇنىڭ
ئەلبۇمنىڭ سارغايغان ۋاراقلىرىدا .
ئويۇلغان كۆز كەبى قەبرە تېشىغا
ھېچ كىشى چۈشەنمەس ئۇشبۇ دۇنيادا .

ئەمدى نە ھاجىتى ؟ ئۇنتۇغان ئۇنى
بۇندىكى شىددەتلىك يېڭى دولقۇنلار .
بېرەلمەس ئەمدى ئۇ قەلبىڭگە سېنىڭ
غۇبارسىز ئەسلىمە ، گۈزەل تۇيغۇلار .

يالغۇزلۇق ، غېرىبلىق چۇلغىسا لېكىن ،
نامىمنى ياد ئەتكىن قەلبىڭدە پىنھان .
دېگىن ھەم : سېغىنار مېنىمۇ بىركىم ،
مەن شۇنىڭ قەلبىدە ياشايمەن ھامان .



## لېرمونتوف

( روسىيە ، 1814 ـ 1841 )

### ئاڭلىغاندا ھەر قېتىم سېنىڭ...

ئاڭلىغاندا ھەر قېتىم سېنىڭ
قوڭغۇراقتەك يارقىن ئاۋازىڭ ،
قەپەستىكى قۇش كەبى شۇئان
تېپىرلايدۇ يۈرىكىم مېنىڭ .

كۆرگىنىمدە ھەر قېتىم سېنىڭ
ئاشۇ تىنىق ، زەڭگەر كۆزلىرىڭ ،
رەھىم ـ شەپقەت تىلەيدۇ سەندىن
شۇخشۇپ چىقىپ يۈرىكىم مېنىڭ .

خۇشاللىقتىن باسالماي ئۆزۈم
يىغلىۋالسام دەيمەن بۇقۇلداپ .
قۇچىقىڭغا ئېتىلىپ بېرىپ
ئالسام دەيمەن سېنى قۇچاقلاپ .

### ئايرىلدۇق ۋە لېكىن سېنىڭ رۇخسارىڭ

بىز ئىككىمىز ئايرىلدۇق ، لېكىن سېنىڭ رۇخسارىڭ
ئۆچكىنى يوق تېخىچە قەلبىمدىكى قەسىردىن ،
خۇددى گۈزەل ياشلىقتىن قالمىش خىرە ئەسلىمە

مېنى تەرك ئەتكەندەك مۇڭلۇق خىيال، دەردلەردىن.

تۇرسامۇ گەر باشقا بىر ئۇز نىگارنى قۇچاقلاپ،
تۇرار قەلبىم يەنىلا بىر ساڭىلا ئىنتىلىپ.
چۈنكى توزان باسسىمۇ چېركاۋ ھامان چېركاۋدۇر،
مەبۇدمۇ ھەم مەبۇدتۇر كەتسىمۇ گەر چېقىلىپ.

## خەنجەر

سۆيىمەن، ئېھ سوغۇق، يارقىن سەپدىشىم،
پولاتتىن ياسالغان خەنجىرىم سېنى.
سەن بىلەن ئۆچ ئالار گىروزىن خەلقى،
چىركەسلەر سەن بىلەن تاپقان ئەركىنى.

سەن گۈزەل نىگارنىڭ ماڭا يوللۇقى،
ھىجرانلىق پەيتلەرنىڭ ئىز ـ يالدامىسى.
بۇ تۇنجى ھىجراندۇر، ساڭا تامغىنى
قان ئەمەس، ئازابلىق ياش دۇردانىسى.

قاپقارا كۆزلىرى تىكىلگەن ماڭا،
چاقنايتتى ئۇنىڭدا سىرلىق بىر ئازاب.
گوياكى تىغىڭدا ئويناق بىر زىيا
تۇرغاندەك گاھ ئۆچۈپ، گاھى يېلىنجاپ.

سەن ئۇنسىز مۇھەببەت ماڭا ھەدىيە،
بۇ سەرسان كۈنلەردە سەن ئېسىل ئۈلگەم.
ئېھ پولات سەپدىشىم، سەن كەبى گويا
ئۆزگەرمەس ساداقەت، كۈچلۈك ئىرادەم.



## بەختلىك ھاياتنى دەيتتىم ئىلگىرى...

بەختلىك ھاياتنى دەيتتىم ئىلگىرى،
يارىمنىڭ بال كەبى شېرىن لەۋلىرى.
ئاھ بۈگۈن بەختتىن قىينالدى بۇ جان،
سۆيمەيمەن، سۆيمەيمەن ئەمدى ھېچكىمنى.

ئەسەبىي ھاياتنى دەيتتىم ئىلگىرى،
كۆزۈمدىن سىرغىغان ئاچچىق كۆز يېشى.
ئۇ چاغلار سۆيگەنتىم ئوتلۇق تىلەكتە،
ئەمدى يوق قەلبىمدە، يوقتۇر ھېچ كىشى!

مەنىسىز ئۆتكۈزدۈم تالاي ئۆمرۈمنى،
ئۇنتۇلغان قاناتنى ئىزدەيمەن يەنە.
قەلبىمنى تاپشۇرسام دەيمەن ئۇنىڭغا،
تىلەيمەن، ئېيپ كەتسە ئۇنى مەڭگۈگە.

# كيوخېلبېكېر

( روسىيە ، 1797 ـ 1846 )

## روسىيە شائىرلىرىنىڭ تەقدىرى

شائىرلارغا بۇ دۇنيا ئوڭ كۆزىدە باقمايدۇ ،
روسىيىدە تېخىمۇ شائىرلارنىڭ كۈنى تەس .
جەسۇرانە رىلېيېۋ ئەركىنلىكنى سۆيگەچكە ،
سىرتماق چۈشتى بوينىغا ، زامان قىلدى ئۇنى پەس .

ئۇلا ئەمەس ، تالايلاپ شائىرلارنىڭ شورى شۇ ،
سۆيگەچ ئۇلار گۈزەللىك ، بولغاچ پاك دىل ، بىغۇبار ،
رەھىمسىز بۇ دۇنيانىڭ قۇربانلىقى بوپ قالغان .
بەرگەچ تەڭرى ئۇلارغا ئەقىل ھەمدە ۋىجداننى ،
بەرگەچ ۋەتەن ، خەلقچۈن يېنىپ تۇرغان يۈرەكنى . . .
ئاقىۋەتتە يىل ـ يىللاپ مەھبۇسلۇققا تۇتۇلغان ،
شۈبىرغانلىق جايلاردا سەرسانلىققا پالانغان !

شۇم پەلەكنىڭ دەستىدىن ھەسرەت چېكىپ بەزىلەر ،
ئاھ ، ۋاقىتسىز ئايرىلدى دىل چىرىغى كۆزىدىن ①.
شەھۋەتپەرەس مەلئۇننىڭ قەستى ئىلە بەزىلەر ،
ئۆلدى ئوق يەپ دۇئېلدا ، كەچتى ئەزىز جېنىدىن ② .

---

① شائىر ئۆزىنى دېمەكچى . ئۇ ئاخىرقى ئۆمرىدە تولا قايغۇرۇپ ، كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالغان .
② پۇشكىننى دېمەكچى .



نادانلاردىن ئاغرىنىپ ، چىقىپ كېتىپ بەزىلەر ،
سۇلدى ئۆمرى ـ ھاياتى ، يات ئەللەردە خاراب بوپ .
بولسا ئەگەر پارلايتتى ئاسمىنىدا ۋەتەنىنىڭ ،
ئەقىل نۇرى چاچاتتى كۆڭۈللەرنى يورۇتۇپ ① .

---

① گرىبوييېدوۋنى دېمەكچى .

# يېسېنىن .

( سوۋېت ئىتتىپاقى ، 1895 ـ 1925 )

## تۈنجى قار

ئاستىمدا ئات ، يۇرىمەن جىمجىت ،
تۇيىقىدا غىچىلدايدۇ قار .
قاقىلدىشىپ قىلماقتا غەلۋە
ئوتلاقلاردا كۆل رەڭ قاغىلار .

چۆچەكتىكى شېرىن چۈش كەبى
قار ئىچىگە مۆكۈنگەن ئورمان .
ئاق لىچەكلەر ئارتىپ بېشىغا
قارىغايلار ئۇيقۇغا پاتقان .

ئۇلار بەكمۇ ئوخشايدۇ ، باقساڭ
ھاسا تۇتقان بىر توپ مومايغا .
توكۇلدىتىپ تەشمەكتە تۆشۈك
تۆمۈر تۇمشۇق ئېگىز شاخلاردا .

چەكسىز دالا ، يۇرمەكتە ئېتىم ،
قار يوپۇققا پۈركەنگەن دۇنيا .
پايانى يوق ، ئۇزۇن يول مېنى
ئېپ بارماقتا يىراق بىر جايغا .



## « ئاي رۇجەكتە . . . »

ئاي رۇجەكتە ، سەلكىن سەيلىدە .
تىرەكلەردە كۈمۈش نۇر خەندە .

گارمون ئۆكسۈپ يىغلار يىراقتا ،
شۇنچە غەمكىن ، دەردلىك ئاھاڭدا .

مۆڭلىرىدا كۆلكە ھەم يىغا .
ئېھ فىكوسۇم قايدىسەن ، قايدا ؟

كۆرسەم دەيتتىم يارىمنى ئەسلى
گارمون چېلىپ ، بايرام سەھىرى . . .

ئۆچتى سۆيگۈم لېكىن قەلبىدە .
گاھى يىغلاپ ، گاھىدا كۈلۈپ
ئۇنلەيمەن شۇ ناتونۇش كۈيدە .

## خەير خوش ، خەير خوش سۆيۈملۈك دوستۇم

خەير خوش ، خەير خوش سۆيۈملۈك دوستۇم
سەن قەلبىم تەكتىدە ياشايسەن ھامان .
ۋاقىتسىز ئايرىدى بىزلەرنى تەقدىر ،
كۆرۈشمەك تەس ئەمەس بولساقلا ئامان .

خەير خوش ، يۇرمەيلى قولمۇ ئېلىشىپ ،
قايغۇرما ، كۆزۈڭدىن تۆكمە زىنھار ياش .
يېڭىلىق ئەمەستۇر ئۆلۈم ھېچقانچە ،
ۋە لېكىن ياشاشمۇ بەرىبىر ئوخشاش .

## دېڭىز غىڭشىپ ئېيتماقتا ناخشا

دېڭىز غىڭشىپ ئېيتماقتا ناخشا .
كېچە سۈزۈك ، سۈپسۈزۈك ئايدىڭ ،
گۈزەل شۇنچە ، گۈزەل يەنىلا .
كېچە سۈزۈك ، سۈپسۈزۈك ئايدىڭ ،
ئوماققىنا لەۋلىرىنى سوزۇپ
دېڭىز غىڭشىپ ئېيتماقتا ناخشا .

گۈزەل ئايدىڭ ، سۈپسۈزۈك ئايدىڭ
كۈمۈش نۇرلار سەپمەكتە سۇغا .
كۆزلىرىمدىن يوقالغان ئۇيقۇ ،
كېچە كۆپكۆك زۇمرەتتۇر گويا .
گۈزەل ئايدىڭ ، سۈپسۈزۈك ئايدىڭ
كۈمۈش نۇرلار سەپمەكتە سۇغا .

سۆيۈملۈكۈم سەنمۇ ؟ ياكى ئۇ ؟
لەۋلىرىمگە لەۋلىرىنى ياققان ؟
بۇلاقلاردىن ئىچكەن كەبى سۇ
سۆيۈشلەردىن قالدۇ ئارمان .
سۆيۈملۈكۈم سەنمۇ ؟ ياكى ئۇ ؟
گۈلمۇ ياكى شېرىن سۆز قىلغان ؟

نە قىلارىم بىلمەيمەن ئەسلا .
مۇڭلۇق كۈيگە كۈيلىمەكتە نەي



ئەتراپتىكى يېقىنلا جايدا .
كېچە جىمجىت ، قوينۇمدا بىر گۈل
ئۆكسەر تىنىماي ، مەن ئاڭا شەيدا .
مۇڭلۇق كۈيگە كۈيلىمەكتە نەي ،
نە قىلارىم بىلمەيمەن ئەسلا .

## گۈزەل ئايدىڭ ، ئاھ زۇمرەت كېچە . . .

گۈزەل ئايدىڭ ، ئاھ زۇمرەت كېچە ،
ئىدىم ئۇ چاغ گۈزەل ، شوخ بالا .
قايتىلانماس ئەمدى ئۇ چاغلار ،
كەتتى ئۇچۇپ . . . كەتتى يىراققا . . .
مانا ئەمدى
يۈرەك مۇزدەك ، كۆزلەرمۇ خىرە . . .
گۈزەل ئايدىڭ ، ئاھ زۇمرەت كېچە !

## درۇننا

( سوۋېت ئىتتىپاقى ، 1924 ـ )

### مۇھەببەت

كىرپىك قاقماي بۇ كېچە يەنە
سوئال قويۇپ چىقتىڭ ئۆزۈڭگە .
دېدىڭ :
« ئۇ ئانچىلا چىرايلىق ئەمەس ! »
جاۋاب بەردى لېكىن يۈرىكىڭ :
« ھېچقىسى يوق ، بولدى قىلغىن ، بەس ! »

ئۇخلالمىدىڭ ، ياتتىڭ ئۆرۈلۈپ ،
ئۇزاق ـ ئۇزاق خىياللار سۈرۈپ :
چىنمۇ سۆزى ۋە ياكى ساختا . . .
دېدىڭ ئاخىر :
« ئۇ ئانچىلا ئەقىللىق ئەمەس ! »
جاۋاب بەردى لېكىن يۈرىكىڭ :
« ھېچقىسى يوق ، بولدى قىلغىن ، بەس ! »

شۇئان سېنى باستى تەشۋىش ـ غەم ،
ھەممە ۋەيران ، تۈگەشتى دېگەن .
يۈرىكىڭگە سۆزلىدىڭ يەنە :
« تۈگىشىپسەن ، ئامتىڭ كەلمەس ! »
جاۋاب بەردى لېكىن يۈرىكىڭ :
« ھېچقىسى يوق ، بولدى قىلغىن ، بەس ! »



## ياشىن

( سوۋېت ئىتتىپاقى ، 1913 ـ 1968 )

### پويىز

پويىزلار ئۆتۈپ كەتتى تالاي ـ تالاي . . .
لېكىن بىز ئايرىلىپ باقمىدۇق پەقەت .
ئىككى جايدا ئەمەسمىز ،
يېزىشىپ باقمىدۇق بىر ـ بىرىمىزگە خەت .
ئەمما
كۆرۈشۈپمۇ باقمىدۇق ئەسلا ،
كۆرۈشمەككە يوقتۇر ھەم پۇرسەت .

بەلكىم بۇ دۇنيانىڭ بىر جايىدىدۇرسەن ،
لېكىن ھېچكىمگە مەنسۇپ ئەمەسسەن ،
پەقەت مېنىڭ ، مېنىڭلىدۇر سەن . . .
تۇرقۇڭ قانداق ؟
چىرايلىقمۇ سەن ؟
رەھىمدىلمۇ ؟
بەلكىم باغرىڭ تاشتۇر ھەقىچان ؟
بەلكىم مېنى كۈتۈۋاتقانسەن ؟
بىراق يالغۇز تەگرىدىن بۆلەك
ھېچكىم بىلمەس ۋىسالىمىزنى !
تونۇمايمەن مەنمۇ ھەم سېنى .

يېگانىمەن ھېلىمۇ شۇنداق .
مەنىسىز ئۆتمەكتە بۇ ئۆمرۈم بىۋاق .
تەشۋىشلەردىن يوقتۇر قۇتۇلماق .
ئۇچرىشالماي ئۆتسەك بىر ئۆمۈر ،
باسارمىدۇ بىزنى پالاكەت
ياكى بەخت ئاچارمۇ قۇچاق ؟ . . .

پويىزلار ئۆتۈپ كەتتى تالاي ـ تالاي ،
ئۇچار ئايروپىلانلار ئاۋازدىنمۇ تېز . . .
نەگە بارار كىن ؟
تىلەيمەن ، ئۆتۈشۈپ كەتمەيلى زىنھار
بىر ـ بىرىمىزنى تونۇماستىن بىز .



## روژدېستۋېنسكىي

( سوۋېت ئىتتىپاقى ، 1932 ـ )

### ماۋزۇسىز

— بەرگىن دەمسەن سۆيگۈمنى ساڭا ؟
— بەرگىن ماڭا . . .
— ئۇ بولغىنىپ كەتكەن بۇرۇنلا . . .
— مەيلى ، بوپتىلا .
— پال ئاچقۇزۇپ باقايمىكىن يە . . .
— بوپتۇ ، ئاچقۇزغىن .
— سورايمىكىن دەيمەن ھەم سەندىن . . .
— قېنى سورىغىن .
— ئىشىكىڭنى چەكسەم ناۋادا . . .
— كىر گۈزىمەن سېنى شۇ ھامان .
— كەلگىن دېسەم ئۆيۈمگە ئەگەر . . .
— بوسۇغاڭدا ئۇنىمەن شۇئان .
— سېنى ئايەت كۈتۈپ تۇرسىچۇ ؟
— مەيلى دەيمەن ئۆلۈپ كەتسەممۇ .
— ۋاپاسىزلىق قىلىپ قويسامچۇ ؟
— ئۆچ ئالمايمەن ھەسرەت چەكسەممۇ .
— ناخشا ئېيتىپ بەرگىن دېسەمچۇ . . .
— شۇئان ناخشا ئېيتىشقا تەييار .
— دوستلىرىڭنى كەلمىسۇن دېسەم . . .

— كەلگۈزمەيمەن ئۇلارنى ھەرگىز .
— دېسەم ئەگەر : ئادەم ئۆلتۈرگىن !
— ئۆلتۈرىمەن شۇ ھامان ، سۆزسىز .
— ئۆلۈپ بەرگىن دېسەمچۇ ئەگەر ؟
— مەيلى سىزگە تەسەددۇق بۇ جان .
— گەر تۇنجۇقۇپ قالسامچۇ سۇدا ؟
— قۇتۇلدۇرۇپ چىقىمەن شۇئان .
— بولۇپ قالساڭ ئەگەر يارىدار ؟
— ئاڭا چوقۇم بېرىمەن چىداش .
— توسۇۋالسا يولۇمنى بىر تام ؟
— ئۆرۈپ تاشلاپ ، تۈزلىۋېتىمەن .
— ئۇچرىسىچۇ يېشىلمەس تۈگۈن ؟
— ئۇنى چوقۇم يېشىپ بېرىمەن .
— يېشىپ ـ يېشىپ تۈگىمىسىچۇ ؟
— بۇندىن ھەرگىز بىزار بولمايمەن .

— بەرگىن دەمسەن سۆيگۈمنى ساڭا ؟
— بەرگىن ماڭا .
— بۇ ھەرگىزمۇ ئاشمايدۇ ئىشقا !
— زادى نېمىشقا ؟
— چۈنكى سۆيگۈمنى
— بېرەلمەيمەن ئەسلا بىر قۇلغا .



# ئىساكوۋسكىي

( سوۋېت ئىتتىپاقى ، 1900 — 1973 )

## ياز دالاسى ، ئالتۇن ئېتىزدا . . .

ياز دالاسى ، ئالتۇن ئېتىزدا
گۈزەل بىر قىز ئېيتماقتا ناخشا :

« ئېيتىڭلارچۇ ، پاك دىل كىشىلەر ،
سۆيگەن كىشىم تۇرىدۇ قايدا ؟
تاپالمىدىم ئۇنى قېدىرىپ ،
ئاڭلانمىدى ئۇندىن بىر سادا . . .
ئېيتسا بىر سۆز ، ئۇنىڭ ئادرېسىن
بىلىۋالسام دەيمەن پەقەتلا ! . . . »

ئۇ تارتقانچە كېتىپ قالدى قىز ،
قالدى ئىزى يۇمران چۆپلەردە .
ئويلاپ قالدىم ، قوشىنىسى تۇرۇپ
كەلمىدىمۇ ئۇنىڭ ئېسىگە .
بەلكىم ئۇچۇپ يۈرىدىغاندۇ
خىياللىرى باشقا يەرلەردە ،
ئەڭ ئىشەنچلىك ئادرېسى بىلسە ،
ئىدى ئەسلى مېنىڭ قەلبىمدە .

# يېۋشېيېۋا

( سوۋېت ئىتتىپاقى ، 1932 ـ )

## ئىشەنچ

مەن ياپياش تۇرىمەن ، سەۋەبى نېمە ؟
دوستلۇقتۇر — بۇ مېنىڭ ئالىي مىزانىم .
ناز ـ نېمەت ، غىزادا بولغانمەن ھەمدەم ،
دوستلارغا شادلىقتىن بەرگەن ھەم تەلىم .

ئىشەنچ — بۇ ياشلىق ھەمدە كۈچ ـ قۇۋۋەت !
گەر ئىشەنچ بولمىسا ياشاش نە ھاجەت .
ئۆزگىلەر مەن بىلەن ، مەن ئۇلار بىلەن
ئالىمىز ھەمدەم بوپ ھاياتتىن لەززەت .



# ئاخما تووۋا

( سوۋېت ئىتتىپاقى ، 1889 ـ 1966 )

## مېنى كۆرۈپ قانمايسەن ، لېكىن بەكمۇ سىرلىقسەن

مېنى كۆرۈپ قانمايسەن ، لېكىن بەكمۇ سىرلىقسەن ،
كۈندىن ـ كۈنگە ئىجىل بوپ چىقماس بولدۇم گېپىڭدىن .
خۇددى ئوت ۋە كىشەندەك ئازابلايدۇ كىشىنى
ئەي سۇرلۇك يار كۆزلىرىڭ ، مۇھەببىتىڭ ۋە لېكىن .

يە كۈلگىلى قويمايسەن ، ياكى ناخشا ئېيتقىلى ،
تەقبىلەندى ئىبادەت ، ئېتىقادىم سەن بىلەن .
بىز ئىككىمىز مەڭگۈلۈك ئايرىلساقلا ناۋادا
سۇرۇشتۇرۇش نە ھاجەت ، ناتونۇشمىز سەن ۋە مەن .

قالماس ئۇ چاغ ئالاقەم ئاسمان ھەمدە يەر بىلەن ،
يۇرسەممۇ گەر تىرىكمەن ، قالماس زوقۇم ناخشىغا .
تارتىۋالدىڭ ئەركىمنى ، ئەركىن ھېسلىق قەلبىمنى ،
سەن ئوخشايسەن گاھ جەننەت ، گاھى مۇدھىش دوزاخقا .

# شېللې

( ئەنگلىيە، 1792 ـ 1822 )

## قۇرۇپ قالغان ۋىئولېت گۈلى

1

قۇرۇپ قالغان، خۇشبۇيى ئۆچكەن تامام بۇ گۈلنىڭ،
بىر چاغلاردا لېۋىڭدەك ئۇمۇ قەلبىم ئوييناتقان.
زىبالىقى يوق ئەمدى، يوقىلىپتۇ ئۇز رەڭگى،
سېنىڭ گۈزەل رۇخسارىڭ ئىدى ئۇندا نامايان!

2

سامان كەبى سارغايغان، ياغاچ كەبى جانسىز تەن
تۇرار مانا مۇزلىغان، قاغجىرىغان كۆكسۈمدە.
ئۇنىڭ مۇدھىش سۈكۈتكە پاتقان سولغۇن جامالى
ھەسرەت سالار تېخىچە كۆيۈپ تۇرغان قەلبىمگە.

3

زار يىغلايمەن، ياشلىرىم بېرەلمىدى ئاگا جان!
ئېغىر ـ ئېغىر تىنىمەن، يوقتۇر لېكىن خۇش ھىدى!
دەيمەن تەقدىر ئۇنىڭغا شەپقەتسىزلىك قىلغۇچە
سالسا مېنى شۇ كويغا، يارىشىقى شۇ ئىدى.



## سۆيگۈ پەلسەپىسى

1

دەرياغا قوشۇلار سۇلار يىغىلىپ،
دەريالار دېڭىزغا بارىدۇ ئېقىپ.
بۇلۇتلار بۇلۇتقا كېتەر سىڭىشىپ،
شۇنچىلىك شېرىن بىر تۇيغۇغا پېتىپ.
مۇقەددەس بىر مىزان، ئورتاق بىر روھقا
بولىدۇ مۇجەسسەم جىمى مەۋجۇدات.
دۇنيادا جۈپتى بار ھەممە نەرسىنىڭ،
نېمىشقا بۇ ئۇدۇم ئىككىمىزگە يات؟

2

قارىغىن چوققىلار سۆيمەكتە ئاسمان،
دولقۇنلار ئۆزئارا چىڭ قۇچاقلاشقان.
يەكلىمەس ئەزەلدىن بىرى بىرىنى
قوش چېچەك، بىر شاختا تەڭ پورەك ئاچقان.
باغاشلار زېمىننى ئىللىق كۈن نۇرى،
ئاي سۆيەر تىنىمسىز ئەركە دولقۇننى.
ۋە لېكىن بۇلارنىڭ نېمە قىممىتى
سەن ئەگەر قۇچاقلاپ سۆيمىسەڭ مېنى؟

### گه . . .

غايىب بولدى يېقىملىق ناخشا ،
ئەستىلىكتىن ئۆچمىدى بىراق .
قۇرۇسىمۇ ۋىئولېت لېكىن
كۆكۈللەردە هامان خۇش پۇراق .

تۆكۈلسىمۇ قىزىلگۈل بەرگى ،
ئۇ يەنىلا نىگارغا ھەمدەم .
سەنمۇ شۇنداق ، كەتسەڭمۇ گەرچە ،
ئىشقىڭ هامان دىلىمغا مەلهەم .



## د . ھ . لاۋرېنس
( ئەنگلىيە ، 1885 ـــ 1930 )

### ئاخىرقى رېئاللىق

رېئاللىققا قىزىقمەن ، دەپ
ئېيتتى بىر ياش .

دېدىم : راست دەيسەن !
ئارقىدىنلا كۆردۈم ئۇنىڭكى
ئەينەكتىكى گۈزەل ئەكسىگە
ئوغرىلىقچە قاراپ تۇرغىنىنى .

### بۇرغۇن

قىزىق ئىش ،
نەقەدەر گۈزەل ھە دېڭىز كۆپۈكى !
قىيا تاشقا
غەزەپ بىلەن ئۇرۇلار دولقۇن ،
چاچراپ چىقار ئاپئاق بۇرغۇنلار ،
قەهرىلىك ئۇھ تارتىپ چېكىنەر ئاندىن .
نەقەدەر گۈزەل ھە بۇنداق يېڭىلىش !

## روھلار بايرىمى

ئېيتىلماقتا روھلار ئۆچۈن مۇقەددەس ناخشا
تىڭشىماقتا كەنتتىكىلەر —
مۇھەببەتنى تەرك ئەتكەنلەر ،
ئۆلۈكلەرنىڭ رەقىبلىرى قەبرە سىرتىدا
ھەسرەت بىلەن سوزۇشار قول ، تۇتالماس بىراق
ئەرۋاھلارنى ، قەبرىلەردە ئەرۋاھلار تەنھا .
كۆيمەكتە شام قىياش نۇرىدا ،
تۇرىدۇ رەڭگارەڭ گۈلچەمبىرەكلەر
سىرلار ئۇقچۇپ تۇرغان ئۇ جايدا .

ھەر قەبرىدە يېلىنجايدۇ يالىڭاچ بىر شام .
لېكىن ئەنگلىيىدە
سېنىڭ قەبرەڭنى شىۋاقلار باسقان .
ياق ئۇ ئەمەس قەبرەڭ سېنىڭكى ،
پەقەت دۇنيا ، دۇنيالا قەبرەڭ .
مەن شامىڭمەن نۇر چېچىپ تۇرغان .
قەبرەڭ ئالدىدا يالىڭاچ تېنىم ،
كۆككە بېقىپ چاچار ساڭا نۇر - زىباسىنى ،
بەخش ئېتەر ساڭا ھايات يالقۇنلىرىنى .

شۇدۇر تاۋاپ قىلغىنىم ساڭا .
كۈندە روھلار بايرىمى بولسا .

كەتتىم تامام سېنى ئۇنتۇلۇپ .



پەقەتلا
ئاۋارىمەن ئۆز - ئۆزۈمدىن ھارارەت چېچىپ ،
ئاۋارىمەن ھاياتىمنى تەسەددۇق ئېتىپ .
لېكىن قەبرەڭ ئالدىدا مەن ،
كۆككە باققىنىم - يالقۇنلىغىنىم ،
سەن ئۇزىغان ئۇ دۇنياغا پەرۋاز قىلغىنىم .
لېكىن سەن بىلەن يوقتۇر ھېچ ئىشىم ،
كەتتىم تامام سېنى ئۇنتۇلۇپ .

مەن قەبرەڭدە يېنىپ تۇرغان يالىڭاچ بىر شام .

# كونگراف

( ئەنگلىيە ، 1670 ــ 1729 )

## بولسىمۇ ئۇ بىسادىق

بولسىمۇ گەر ئۇ ماڭا ، مۇھەببەتكە بىسادىق ،
ئۆچەكىشىپ ئۇنىڭغا سانجىمايمەن نەشتىرىم .
ئىچىنسامۇ قەلبىنىڭ كەتكىنىگە ئۆزگىرىپ
ئۇنىڭ ئىسىل خۇلقىغا بار ھېلىمۇ رەھمىتىم .

ئۇچرىشاتتۇق بەختلىك ئاشۇ چاغلار دائىما ،
لېكىن ئۇ چاغ مەڭگۈلۈك كەتتى قايتىپ كەلمەسكە .
ئەپسۇسلىنىپ گەرچە دىل ئۆرتەنسىمۇ مىڭ مەرتە
ئاشۇ ئىسىل چاغلاردىن سۆيۈنىمەن تېخىچە .



# ئارنولد ۋېسكېر

( ئەنگلىيە ، 1932 ــ )

## ھەممە نەرسە بېزەر ئۆزىدىن

ــ ئەللىك ياشقا تولغانلىقىم مۇناسىۋىتى بىلەن

ھەممە نەرسە بېزەر ئۆزىدىن ،
نە ھاجىتى ھەسرەت چېكىشنىڭ .
شوخ ھاياجان ، شەيتان ھېلىسى ،
خۇشاللىقى ناخشىچىلارنىڭ ،
ياكى يۈرەك ئازابى ھەمدە
قىزغىنلىقى ئىنقىلابچىنىڭ .
ئۇنتۇلۇپ كەت ئازابلىق چېغىڭ ،
نە ھاجىتى ھەسرەت چېكىشنىڭ .

ئۇنتۇلۇپ كەت ئازابلىرىڭنى ،
ھەممە بېزەر ئۆزىدىن ھامان .
ئۆچ ئېلىشنى ئويلار رەزىللىك
كىچىككىنە قانائەت ئۈچۈن
ئاداۋەتتىن ياندۇرۇپ گۈلخان .
مەيلى ئۈمىد ، يا ئۈمىدسىزلىك
ياكى كۈچلۈك ، قايناق ھاياجان
مەڭگۈلۈككە ئەمەس ھېچقاچان .
باق ، قۇياشتەك غەربكە پاتقان
ئازابلارمۇ ئۇنتۇلار ھامان .

يىغلىمىغىن ، تۆكمە يېشىڭنى
شوخ كۈلكىلەر بولسىمۇ خازان .
ئېسىڭدە تۇت ، قەلب كۈيلىرىڭ
چېلىنسىمۇ تەكرار ۋە تەكرار
سورىغىلى يوقتۇر بىر ئىنسان ؛
يېگى سۆزلەر سۆزلەنگەنسېرى
جەزبىسى بولىدۇ پىنھان .
سۈكۈتلەرمۇ شۇنىڭغا ئوخشار ،
زېرىكىدۇ ئۆزىدىن ھامان ،
ئازابلارنى ئۇنتۇلغىن تامام .
ھەممە ، ھەممە ، ھەممە نەرسىلەر ،
شۇ قاتاردا بار ھەم ھاياجان .

بۇ مۇمكىنمۇ دەيدۇ ھەر كىشى .
غالىب تۈيغۇ ، خۇشال كۈلكىلەر
مۇشۇنداقلا كېتەرمۇ تۈگەپ ؟
تۈگەيدۇ ئۇ چوقۇم – مۇقەررەر .
مۇھەببەتچۇ ؟ ئۇمۇ تۈگەيدۇ .
زۇلۇم سالغان ھۆكۈمرانلار ھەم
كىشىلەرنىڭ گۈزەل ئارزۇسى
ھېچ نەرسىدىن قالمايدۇ ئەسەر .
ھەممە نەرسە بېزەر ئۆزىدىن ،
باللار ئۆز گۆدەكلىكىدىن ،
ياشلار بۇرچى – مەجبۇرىيىتىدىن ،
قېرىلار ھەم كۈچ – جاسارىتىدىن .
باردۇر يەنە قايناق تۈيغۇلار ،



تۈيغۇلارمۇ بېزەر ئۆزىدىن .
ئۇنتۇ ، ئۆچۈر غەمنى يۈرەكتىن .

ئۇنتۇ ، ئۆچۈر غەمنى يۈرەكتىن .
گەر ئىشەنچىڭ قالسا تەۋرىنىپ ،
ئارزۇيۇڭ ھەم بولىدۇ غايىب .
زەھەرخەندە مەسخىرىلەرمۇ
بىر كۈنلەردە قالار بېسىلىپ ،
تەنىلەرمۇ تۈگەيدۇ ئاخىر ،
ھاقارەتلەر كېتەر يوقىلىپ ،
سىنى قاڭغىر قاقشاتقانلارمۇ
ئۆلەر بىر كۈن ھەسرەتلىك تىنىپ .
ھەممە نەرسە بېزەر ئۆزىدىن ،
ئۆز – ئۆزۈڭنى قىينىما غەمدە ،
ھەسرەتلەرنى ئۆچۈر دىلىڭدىن .
بار مەۋجۇدات بېزەر ئۆزىدىن ،
شەھەرلەر ئۆز كۆركەملىكىدىن ،
رەزىللىك ئۆز رەزىللىكىدىن ،
ئارام بەرمەس مۇدھىش جۇدۇنمۇ
بېزەر ھەمدە ئۆز غەلۋىسىدىن .
كىشىلەرنى ھەيران ئەيلىگەن
ئەقىل – ئىدراك ھەتتا ھاياجان
ھەممە – ھەممە بېزەر ئۆزىدىن .

ئاھ ! ھاياجان ، ئۇمۇ راستىنلا
بېزەرمىدۇ ئۆزىدىن ئۆزى ؟
ھەيرانۇ ھەس بۇندىن ھەر كىشى !

گەر ھاياجان قىلسا مۇكەممەل
پەرۋىش ئەيلەپ ھەممە نەرسىنى ،
ھۆسنىلەرنى قىلسا ئۇز ـ رەڭدار ،
گەپ ـ سۆزلەرنى ئۆتكۈر ـ جىلۋىدار ،
قىزىقارلىق ، مەنىسى باھار ،
ئۇرغۇپ تۇرغان كۈچ ـ قۇدرەت ئۇندىن
سېزەرمىدۇ ئۆزىن بەختىيار ؟
لېكىن ئۇمۇ بېزەر ئۆزىدىن ،
ھاياجانمۇ بېزەر ئۆزىدىن ،
بۇ تەھقىقتۇر ، يوق زەررە گۇمان ،
بەزگىنىدەك ھەممە ئۆزىدىن .
ئۆز ـ ئۆزۈڭنى قىينىما غەمدە ،
ھەسرەتلەرنى ئۆچۈر دىلىڭدىن .

تەلۋىلىككە ئۆتسە ھاياجان ،
دۇنيادىكى جىمى نەرسىدەك
بېزەرمىدۇ ئۇمۇ ئۆزىدىن ؟
بولدى قىلغىن ، ھەسرەت چەكمىگىن .
مەڭگۈلۈككە ئەمەس خۇشاللىق ،
ئازابلارمۇ تۈگەيدۇ لېكىن .
ھەممە نەرسە بىردەملىكلا ، بەس ،
ئۆزگەرمەيدۇ پەقەتلا بىلىم ،
ئۇ مەڭگۈگە يۈتمەس جاھاندىن .
ئۆز ـ ئۆزۈڭنى قىينىما ھەرگىز ،
ئازابلارنى ئۆچۈر دىلىڭدىن .



# ئالدىڭتون

( ئەنگلىيە ، 1892 ـ 1962 )

## تىرىكلەر قەبرىسى

قىزىلۇق كېچە ،
توختاپ قالغان توپ ـ زەمبىرەكلەر .
يۆلىنىپ جەڭ ئاكۇپىغا
ئۆزۈم ئۈچۈن يازماقتىمەن شېئىر ،
يازماقتىمەن ئاينى ، گۈللەرنى ،
كۈمۈش كەبى ئاپئاق قارلارنى .
لېكىن
ئۆتكىنىدە ئالدىمدىن بىردىن
ئادەم گۆشىگە تويۇنغان راسا
دۈپدۈگىلەك ، سۇرلۇك زور چاشقان
تۈگۈلگىنىمچە
چۆمدۈم چەكسىز تەشۋىش ئىچىگە .

## پەرۋاسىز شېئىر

كۆكتە يۇلتۇز ، خۇشاللىق بىلەن
سۆرەپ ھارغىن ئاياغلىرىمنى
ئۆمىلىگىنىمچە كىرىپ چىقىمەن
غېرىبانە ئاكوپ ئىچىگە .

قالدۇرىمەن يېزىپ ئۆزۈمچۈن
قىسقا ـ قىسقا لىرىك قۇرلارنى ،
مىسرالىرى گۈزەل جىلۋىدار ،
ئوخشار گويا بىر توپ كەپتەرگە .

ئۇچۇپ كەتتى ئايلىنىپ ئۇلار
ئاپئاق قاناتلىق كەپتەرلەرگە .

## ئىماگ

### 1

ۋېنېتسىيەدىكى
قاپقاراڭغۇ قانالنى بويلاپ
شېرىن مېۋە باسقان كېمە كەلگەندەك ئۈزۈپ
ئاھ گۈزىلىم ، جېنىم ، ئامرىقىم
ئۈزۈپ كىردىڭ قەلبىمدىكى قاقاس شەھەرگە .

### 2

كۆكۈش ئىسلار
ئۆرلىمەكتە ئاسمانغا
گاھ تارىلىپ ، گاھ توپلىشىپ ئۇچقان قۇش كەبى .
ساڭا بولغان مۇھەببىتىممۇ
گاھ سۇسلىشىپ ، گاھى يەنە كېتەر كۆپچىيىپ .



### 3

كەچكى قۇياش
چاچقىنىدا كەھرىۋادەك قىزغۇچ نۇرلارنى
تۇغۇلدى ئاي يالقۇنسىمان گۈلنىڭ رەڭگىدە ،
دەرەخزارنى باسقان تۇمان ئۈستىدە .
بۇ سەن جېنىم ، بۇ سەن ئۆزۈڭسەن .

### 4

گۇگۇم پەيتى ئورمان بويىدا
ياپپىاشقىنا بوك دەرىخى تۇرار تىپتىنچ .
قورققاندەك يۇلتۇزلاردىن
مەيىن شامالدا
تىترەپ كەتتى ياپراقلىرى بىردىنلا .
سەنمۇ شۇنداق خاتىرجەم جېنىم ،
تىترەپ كەتتىڭ سەنمۇ بىردىنلا .

### 5

قىزغۇچ بۇغلار
ئېگىز ـ ئېگىز تاغلار ئۈستىدە
يۈگۈرۈپ باردى قارىغايزارنىڭ يىراق چېتىگە .
مېنىڭ گۈزەل ئارمانلىرىممۇ
يۈگۈرۈپ كەتتى شۇلار بىلەن يىراق يەرلەرگە .

## 6

يەلپۈپ ئۆتتى پورەكلەرنى شوخ شامال
ئارقىدىنلا
تولدى يەنە يامغۇر سۈيىگە .
قاراۋېرىپ يوللىرىڭغا مېنىڭ قەلبىمۇ
تولۇپ كەتتى تارام ـ تارام ئازابلىق ياشقا .



# هۇلمې

( ئەنگلىيە ، 1883 ـ 1917 )

## كۈز

كۈز ئاخشىمى سوغۇق بىر خىيال ،
مەن دالادا يۈرىمەن تەنها .
تىكىلىمەن چىتلاققا
يۆلىنىپ تۇرغان قىزغۇچ ئايغا ــ
ئانار يۈزلۈك دېھقان ئايالغا .
چاقىرىمەن توختىماي مېڭىپ
لېكىن ئاي
قويدى پەقەت باش لىڭشىتىپلا .
ئەتراپىدا
تۇرار پەقەت شە بالىلىرىدەك
يۈزى بوزارغان ئويچان يۇلتۇزلار .

# بۇرنس

( شوتلاندىيە، 1759 ـ 1796 )

## قىزىل ئەتىرگۇل

نىگارىم، سەن گويا قىزىل ئەتىرگۇل،
ئىيۇندا تۇنجى رەت بەرگىنى يايغان.
نىگارىم سەن گويا لىرىكىلىق كۈي،
ئەۋرىشىم قوللاردا نەپىس چېلىنغان.

گۈزەللىك بابىنىڭ يەكتاسى ئۆزۈڭ،
پاك سۆيگۈم سەن ئۈچۈن گوياكى ئوكيان.
مەن سېنى سۆيىمەن تا ئاخىر غىچە،
ھەتتاكى خاراب بوپ كەتسىمۇ جاھان.

سۆيىمەن خاراب بوپ كەتسىمۇ جاھان،
تاغۇ تاش ئاپتاپتا بولغۇچە تالقان.
سۆيىمەن، نىگارىم، سۆيىمەن سېنى،
بۇ جېنىم تېنىمدە بولسىلا ئامان.

خەير خوش، ياخشى قال گۈزەل نازىنىن،
ئايرىلار بولدۇممەن، پەقەت بىر نەپەس.
كەتسەممۇ يىراققا، كۈتكىن، كېلۇرمەن،
يولۇمغا باغلاپ زور ئۈمىد ۋە ھەۋەس.



## كۈمۈش قەدەھ

### 1

كەلتۈر ساقى، لالە رەڭلىك لەزىز مەي،
كۈمۈش رەڭلىك قەدەھلەرگە تولدۇرۇپ.
يىراقلارغا ئاتلىنارمەن شۇ دەقىق
ئىچىۋالاي يارىم بىلەن شاد بولۇپ.
كېمە بارار قىرغاقلارغا ياندىشىپ،
ئۇرۇلىدۇ غەزەپ بىلەن بورانلار،
كېمە بارار جەنۇب تامان، ئاھ مارى،
ئايرىلارمەن، خەير جېنىم ـ گۈزەل يار.

### 2

يەلپۈنەر تۇغ، ئوت يانىدۇ ياراقتىن،
بۇرغا ئۈنى ئاڭلىنىدۇ يىراقتىن.
جەڭ قاينايدۇ پۇرۇقلايدۇ قىزىل قان،
تولغىنىدۇ زېمىن دەرد ۋە پىراقتىن.
دېگىز ئەمەس يوللىرىمنى تورىغان،
ياۋمۇ ئەمەس يۈرىكىمنى تىلغىغان.
بىلگىن جېنىم، مۇھەببەتنىڭ ئازابى —
ھىجرانىڭدۇر مېنى شۇنچە قىينىغان.

## مارى

قىيالار ، چوققىلار ۋە ئېقىن سۇلار
مونگار قورغىنىنى تۇرىدۇ قورشاپ .
ئورمانلار ياپيېشىل ، گۈللەر شۇنچە ئۈز ،
تاشقىنلار ئەزەلدىن قىلمىغاچ خاراب .
بۇ يەردە باھارنىڭ كېلىشى بالدۇر ،
ھەم ئۇزاق نۇر چاچار يازنىڭ ناھارى .
مەن ئۇندا ئاداققى كەتكەن ئايرىلىپ ،
قالغان ئۇ دۆڭلۈكتە گۈزىلىم مارى .

دولانا گۈللىرى ئۈز ۋە ئەۋرىشىم ،
ياپيېشىل قېيىنلار شۇنچە باراقسان .
خۇش پۇراق چېچىلغان سايىلەر ئارا ،
مەن ئۇنى قۇچاقلاپ سۆيۈنۈش تاپقان .
ئالتۇندەك مىنۇتلار چىقىرىپ قانات ،
قالدۇرۇپ ئارقىدا كەتتى بىزلەرنى .
كەتمىدى سۆيگۈسى قەلبىمدىن بىراق ،
ئۇ يەردە ياتقان شۇ گۈزىلىم مارى .

ۋەدىلەر بېرىشىپ سۆيۈشكەنىدۇق
نەقەدەر مۇشكۈل ــ ھە ، ھىجران ۋە پىراق .
ئۆلسەكمۇ ئايرىلماي ئۆتىمىز ، دېگەن ،
ئاھ ، ئۆلمەي تۇرۇپلا ئايرىلدۇق بىراق .
ئەيلەپتۇ ئەزرائىل گۈلۈمنى خازان ،



يەتكۈسى پەلەككە يۈرىكىم زارى .
قالدى ئاھ ، تۇپراق داغ ئېتىزلار سوغۇق ،
ئۇ يەردە كۆمۈلۈپ ياتىدۇ مارى .

مەن سۆيگەن چوغ كەبى ئوتلۇق لەۋلىرى
ئايلانغان بەئەينى قىشتىكى مۇزغا .
يۈرەكنى ئوينىتقان شەھلا كۆزلىرى
يۇمۇلغان ، ئەبەدىي كەتكەن ئۇيقۇغا .
ياتىدۇ تۇپراقتا ئۇنسىز ، يېگانە ،
ھاياتىم خوۋلىقى ، كۆزۈمنىڭ نۇرى .
ياشايدۇ شۇندىمۇ قەلبىم تەكتىدە
سۆيگۈمگە پىداكار گۈزىلىم مارى .

# ۋېرلېن

( فرانسىيە ، 1844 ـ 1896 )

## كۆز ناخشىسى

ئۇزۇن - ئۇزۇن ئۆكسۈشلەر ،
كۈز كۈنلىرى
ئىسكىرىپكا كۈيلىرى
قىلدى پارە
دەردلىك ،
قاغجىرىغان كۆڭلۈمنى .

تۇنجۇقتۇرار كىشىنى ھەممە ،
ئەتراپ سۇلغۇن ، سۇلغۇن شۇ قەدەر ،
چىكىلدايدۇ سائەت توختىماي .
ئويلىسام
ئۆتۈپ كەتكەن ئاشۇ كۈنلەرنى
كۆزلىرىمدىن ئاقار ياش تىنىماي .

جىسمىم گويا بىر قامغاق ،
ئۇچاي ئەمدى بورانلار بىلەن
يىراقلارغا ،
ئوخشاپ گويا
بىر تال خازانغا .



# پائۇل فور

( فرانسىيە )

## چەمبىرەك ئۇسسۇل

دېڭىزلارنى چۆرىدەپ لەرزان ئوينار ئىدى چەمبىرەك ئۇسسۇل ، دۇنيادىكى بار خوتۇن ـ قىزلار قولنى قولغا تۇتۇشسا ئەگەر .

قاتار تىزىپ پاراخوتلارنى ياسار ئىدى كۆركەم بىر كۆۋرۈك ، دۇنيادىكى جىمى ئوغۇللار ماتروسلۇقنى خالىسا ئەگەر .

بۇ دۇنيانى چۆرىدەپ لەرزان ئوينار ئىدى چەمبىرەك ئۇسسۇل ، دۇنيادىكى جىمى ئوغۇللار قولنى قولغا تۇتۇشسا ئەگەر .

## بەخت

بەخت دېگەن ئوتلاقتا . يۈگۈر ـ يۈگۈر ، تېز يۈگۈر .
بەخت دېگەن ئوتلاقتا ، يۈگۈر ، تېزرەك تۇتۇۋال ،
قېچىپ كېتەر بولمىسا .

تۇتماق بولساڭ سەن ئۇنى ، يۈگۈر ، يۈگۈر ، تېز يۈگۈر
تۇتماق بولساڭ سەن ئۇنى ، يۈگۈر ، تېزرەك تۇتۇۋال ،

قىچىپ كېتەر بولمىسا.

بەدىيان ۋە ئوتياشلار ئارا يۈگرە - يۈگرىگىن. بەدىيان ۋە ئوتياشلار ئارا يۈگرە، تېز قوغلا. يۈگۈرۈپ بېرىپ تۇتۇۋال، قىچىپ كېتەر بولمىسا.

قوشقار مۈڭگۈزى ئۈزرە، تېز يۈگۈرگىن، تېز يۈگرە. قوشقار مۈڭگۈزى ئۈزرە تېز يۈگۈرگىن، تۇتۇۋال، قىچىپ كېتەر بولمىسا.

شىر - شىر ئاققان ئېرىقتا، تېز يۈگۈرگىن، تېز يۈگۈر. شىر - شىر ئاققان ئېرىقتا، تېز يۈگۈرگىن، تېز بارغىن، قىچىپ كېتەر بولمىسا.

دەرەخلەردىن دەرەخكە، ئاتلاپ يۈگۈر، تېز يۈگۈر، دەرەخلەردىن دەرەخكە، ئاتلاپ يۈگۈر، تۇتۇۋال، قىچىپ كېتەر بولمىسا.

سەكرەپ ئۆتۈپ چىتلاقتىن، يۈگۈر، يۈگۈر، تېز يۈگۈر. سەكرەپ ئۆتۈپ چىتلاقتىن، يۈگۈر، يۈگۈر، تۇتۇۋال! قىچىپ كېتەر بولمىسا!



# فرانز كافكا

(ئاۋستىرىيە، 1883 ـ 1924)

## شېئىرلار

### 1

كەچۇرمەكنى خالىساڭ ئەگەر
ساڭا سادىق مۇرتلىرىڭنى،
بىز ماڭىمىز تا ئاداققىچە
ئەزىز بىلىپ سېنىڭ يولۇڭنى.
چالا ساۋات، چالا بىلىمنى
ساقىت قىلىپ، يىراققا تاشلاپ،
مۇكەممەللىك، ئۈزلۈك، ئىزگۈلۈك
ئارا تايماي ئۆتىمىز ياشاپ.

### 2

كەچكى گۈگۈم، ئاداققى قۇياش،
ئولتۇرىمىز قەددىمىز پۈكۈپ
سايىۋەنلىك ئورۇندۇقلاردا.
قوللىرىمىز ھالسىز ساڭگىلار،
كۆزلىرىمىز دەردلىك يالتىرار.

سەيلە قىلىپ يۈرەر كىشىلەر،

ئۈچىسىدا رەڭدار كېيىملەر .
باش ئۈستىدە پايانسىز ئاسمان ،
ئۇ چەتتىكى يىراق بىر تاغدىن
بۇ چەتتىكى تاغقا تۇتاشقان .



# ئاندېرسون

( دانىيە ، 1805 ـ 1875 )

## سەكراتتىكى بالا

ئېھ ئانا ، ھارغىنمەن ، ھارغىن شۇ قەدەر ،
ئال مېنى قوينۇڭغا ، ئالغىن باغاشلاپ .
كۆيدۈردى مەڭزىمنى ئىسسىق ياشلىرىڭ ،
يىغلىما جان ئانا دىلىڭنى داغلاپ .
ئۆي ئىچى سوغۇقتۇر ، كوچىدا بوران ،
ۋە لېكىن چۈشۈمدە گۈزەل بىر دۇنيا .
يۇمغاندا ھەر قېتىم كۆزلىرىم شۇئان
ئوماق بىر پەرىشتە بولىدۇ پەيدا .

كۆرگىن ئۇ پەرىشتە ئەنە ، جان ئانا ،
ئاڭلىغىن شۇ قەدەر يېقىملىق كۈيى .
باق ئەنە ، سۈت كەبى ئاپئاق قانىتى ،
ھەر بىر تال پېيىدە تەڭرىنىڭ نۇرى .
قىلغاچقا پەرىشتە گۈللەرنى چاچقۇ ،
كۆز ئالدىم كۆك ، قىزىل ، رەڭدار ، بەك ئېسىل !
مەن تىرىك تۇرۇپلا قاقىمەنمۇ پەر
ۋە ياكى ئۆلگەندە مۇرادىم ھاسىل ؟

سىقسەن قولۇمنى نېچۈك بۇنچە چىڭ ؟

ياقسان مەگزىگنى مەگزىمگە مەھكەم ؟
يۇزۇلۇڭ نەم ۋە لېكىن چوغدەك كۆيدۇرەر ،
جان ئانا ، بالاڭمەن قىيامەتتە ھەم !
قەلبىڭنى ئۆرتىمە ، چەكمىگىن ھەسرەت ،
يىغلىساڭ ، كۆزۈمدىن تۆكۈلەر كەن ياش .
ئاھ ، ھالسىز بۇ تېنىم ، يۇمۇلماقتا كۆز ،
مېنى ئۇ پەرىشتە قىلماقتا باغاش !



## پېتوفى

( ۋېنگرىيە ، 1823 ـ 1849 )

### بولسام دەيمەن بىر دەرەخ . . .

بولاي دەرەخ سەن ئەگەر بولساڭ ئۇنىڭ چېچىكى ،
بولاي چېچەك ، سەن بولساڭ بەرگىدىكى بىر شەبنەم .
بولاي شەبنەم سەن ئەگەر بولساڭ نۇرانە ئاپتاپ . . .
شۇندىلا روھ ۋە تېنىمىز بولالايدۇ مۇجەسسەم .

ئەي چىرايلىق قىز ، سەن ئەگەر بولساڭ پايانسىز ئاسمان ،
بولاي ئۇندىكى يۇلتۇز كۆلۈپ ـ چاراقلاپ تۇرغان .
( بىر بولماقچۇن ) ھەتتاكى كىرىشكىمۇ رازىمەن
بولساڭ ئەگەر جەھەننەم ، كۆيۈپ ـ پاراسلاپ تۇرغان .

### بولاي دەيمەن بىر ئېقىن . . .

گەر خالىسا نىگارىم
بېلىق بولۇپ ئۈزمەكنى ،
بۇژغۇنلىرىم ئارىسىدا
خۇشال ئۇيناپ يۈرمەكنى ،
بولاي شۇئان بىر ئېقىن
تاغدا ئۇيناقلاپ ئاققان ،
ئەگىم سايلارنى بويلاپ

تاشتىن تاشقا ئۇرۇلغان . . .

گەر خالىسا نىگارىم
كۈيچى بىر قۇش بولماقنى ،
شاخلىرىمغا ئۇۋا سېپ
خۇشال سايراپ ئۆتمەكنى ،
بولاي شۇئان ئېقىنلار
بويىدىكى بىر ئورمان .
تۇراي مەزمۇت قەد كېرىپ
سوقسىمۇ قارا بوران . . .

گەر خالىسا نىگارىم
بولۇپ كۆپكۆك چىڭگىلىك
چىڭ چىرمىشىپ جىسمىمغا
ياماشماقنى قانچىلىك ،
بولاي شۇئان خارابە
تىك قىيانىڭ ئۈستىدە .
ئاھ ئۇرمايمەن لېكىن ھېچ
بۇ ھالاكەت دەستىدە . . .

گەر خالىسا نىگارىم
يالقۇن بولۇپ كۆيمەكنى ،
ئوچىقىدا يېلىنجاپ
شوخ جىلۋىلەر ئەتمەكنى ،
بولاي شۇئان بەك تېرەن
جىلغىدىكى بىر كەپە ،
تېمىم پۇختا ، قىلالماس



بوران - چاپقۇن ھېچنېمە . . .

گەر خالىسا نىگارىم
كەچكى قۇياش بولماقنى ،
سۇلغۇن چېھرىم ئالدىدا
جۇلالارغا تولماقنى ،
بولاي شۇئان بىر بۇلۇت
ياكى يىرتىق بوز بايراق .
تۇراي ھارغىن لەپىلدەپ
باغلاپ ئاڭا ئىشتىياق . . .

## بۇ دۇنيا شۇ قەدەر چوڭدۇر ۋە لېكىن . . .

بۇ دۇنيا شۇ قەدەر چوڭدۇر ۋە لېكىن
سەن كىچىك نىگارىم ، ئەكلا كىچىكسەن .
ناۋادا مېنىڭكى بولساڭ ، رازىمەن
يار سېنى دۇنياغا تېگىشمەككە مەن !

سەن قۇياش نۇرانە ، مەن كېچە بىراق ،
ۋۇجۇدۇم گوياكى زېمىستان بىر گۆر .
ناۋادا قەلبىمىز بىرلەشسە لېكىن
گۈزەل تاڭ ۋىلىقلاپ چاچار ماڭا نۇر !

باقمىغىن سەن ماڭا ، كۆزۈڭنى پەس تۇت ،
بولمىسا قەلبىمگە تۇتىشىدۇ ئوت .
ناۋادا سۆيمىسەڭ ، بوپتۇ كۆيدۈرگىن ،
بىچارە قەلبىمنى كۆيدۈرۈپ تۇزۇت !

## زېمىن نېمە يېگەنتىك ؟

نېمە يېگەنتىك زېمىن مۇنچە ئۇسساپ كەتكۇدەك ؟
تالاي ياش ۋە قان ئىچىپمۇ يەنە چاڭقاپ تۇرغۇدەك ؟

## ئورماندا قۇش . . .

ئورماندا قۇش ، باغدا گۇل ،
كۆكتە يۇلتۇز جىمىرلار .
ياش يىگىتنىڭ قوينىدا
ئوماق يارى تولغىنار .

گۇل خۇشبۇي چاچ ! قۇش سايرا !
يۇلتۇز ـ يۇلتۇز چاراقلا !
قىز كۈلمەكتە ، كۈي ۋە نۇر . . .
ئورمان ، باغ ۋە كۆك ئاسمان . . .
بەخت دېمەك شۇلاردا !

گۇل توزىدى ، كەتتى قۇش ،
يۇلتۇزمۇ يوق ئاسماندا .
قالدى پەقەت قىز ـ يىگىت ،
بەختلىكى دۇنيادا
پەقەت ، پەقەت شۇلارلا .



# ھېرمان ھېسسې

( شۋېيتسارىيە ، 1877 ـ 1962 )

## سۆيگۈ ناخشىسى

مەن بىر بۇغا ، سەن قوزا
مەن بىر دەرەخ ، سەن بىر قۇش ،
سەن قۇياشسەن ، مەن ئاق قار ،
سەن كۈندۈزسەن ، مەن بىر چۈش .

ئۇخلاپ ياتسام كېچىدە ،
ئۇچۇپ چىقىپ ئاغزىمدىن
باردى قۇشقاچ قېشىڭغا .
پەرلىرى ئۇز ، ئۈنى ساز ،
سايراپ كەتتى ئۇ ساڭا .
ساڭا سايراپ بەرگىنى
بىل مۇھەببەت ناخشىسى .
ساڭا سايراپ بەرگىنى
بىل يۈرىكىم تارىسى .

# ھېنرىخ ھېينى

( گېرمانىيە، 1797 ـ 1856 )

## بىلسە ئەگەر ئۈز چېچەك

بىلسە ئەگەر ئۈز چېچەك
كۆڭلۈمدىكى دەردىمنى.
مەن بىلەن تەڭ ياش تۆكۈپ
شاد ئېتەتتى قەلبىمنى.

بىلسە ئەگەر بۇلبۇلمۇ
يۈرىكىم مېنىڭ زەرداپ،
بېرەر ئىدى تەسەللى
خەندان ئۇرۇپ شوخ سايراپ.

كۆرسە ئەگەر زەر يۇلتۇز
مۇڭغا تولغان كۆزۈمنى،
چۈشۈپ يەرگە سامادىن
ياسار ئىدى كۆڭلۈمنى.

لېكىن ئۇلار بىخەۋەر،
بىلەر پەقەت بىر كىشى.
چاك ـ چاك ئېتىپ دىلىمنى
يارا قىلغان ئۇ ئۆزى.



## مۇڭلانما يۈرىكىم، مۇڭلانما . . .

مۇڭلانما يۈرىكىم، مۇڭلانما،
تەقدىر بۇ، ئۆزۈڭنى قىينىما.
سېنى گەر ئەيلىسە قىش تالان،
قايتۇرۇپ بېرىدۇ ياز ساڭا.

بار سەنچۇن بۇندا كۆپ مەۋجۇدات،
گۈزەلدۇر بۇ دۇنيا يەنىلا!
خالىساڭ نېمىنى، يۈرىكىم
سۆي قېنىپ، تارتىنما سەن ئەسلا!

## جىمىرلاپ تۇرىدۇ يۇلتۇزلار جىمجىت . . .

جىمىرلاپ تۇرىدۇ يۇلتۇزلار جىمجىت،
پايانسىز ئاسماننىڭ يۈكسەك قەرىدە.
تۇمەن مىڭ يىل بولدى، كەلدى قارىشىپ
مۇھەببەت ئازابى يېنىپ كۆزلەردە.

ئۆزگە بىر تىل بىلەن مۇڭدىشار ئۇلار
شۇنچىلىك چىرايلىق، شۇنچىلىك يارقىن.
ئۇلارنىڭ سۆزىنى چۈشەنگىلى ھېچ
بىرەرمۇ تىلشۇناس يوقتۇر ۋە لېكىن.

ئەمما مەن ئۇ تىلنى ئالدىم ئۆگىنىپ،
مەڭگۈگە چىقمايدۇ ئەستىلىكىمدىن.
ئۆگەندىم مەن ئۇنى گۈزەل يايرىمنىڭ
قۇياشتەك نۇرانە ئېللىق چېھرىدىن.

### ئۆزگىرىدۇ بۇلار ئاقۋەت

سېنىڭ ئوماق مەگزىلىرىڭدە
يېلىنجايدۇ يازنىڭ ئاپتىپى .
يۈرىكىڭدە ھۆۋلايدۇ لېكىن
زېمىستاننىڭ مۇدھىش سوغۇقى .

سۆيۈملۈكۈم ، ئېھ گۈزەل رۇخسار !
ئۆزگىرىدۇ بۇلار ئاقىۋەت .
قىش كۆچىدۇ مەگزىلىرىڭگە ،
يۈرىكىڭ ياز ، ئىللىق ھارارەت .



## ئېرنىست شۋاز

( ئاۋستىرىيە ، 1916 ــــ )

### ئويلايتتىم ئىلگىرى بىر دېڭىز بولسا

ئويلايتتىم ئىلگىرى بىر دېڭىز بولسا ،
ياكى بىر كۆل بولسا ھېچ بولمىغاندا ،
دىلدىكى زەررىچە ئازابلىرىمنى
چايقىسام ، بىر يولى بولسا ئۇ ئادا .

ئاھ ئەمدى ئويلىرىم ئۇنچە چوڭ ئەمەس ،
كىچىك بىر كۆلچەكلا بولسا ماڭا ، بەس .
ئالەمچە ئازابىم بولسىمۇ دىلدا ،
يۇيۇلار پاكپاكىز ، بۇ ھېچ تەس ئەمەس .

قىرىلىق يەتكەندە ئىنسان ئۆمرىگە ،
سەۋرچان ، چىداملىق بولۇپ قالاركەن :
ھەتتاكى كۆلچەككە كىچىككىنە بىر ،
دېڭىزچە ئازابمۇ سىغىپ كېتەركەن .

# مونتالې

( ئىتالىيە ، 1896 ـ 1981 )

## بەخت

بەخت ، سەنچۇن قانچە كىشىلەر
خەتەرلەرگە قىلدى تەۋەككۇل ؟

غۇۋا نۇر كەبى
پىلدىرلايسەن قاراقلار ئىچرە ،
ئەينەكسىمان يۇققا مۇز كەبى
ئاياغلاردا بولىسەن پارە .

بەختسىزلەر ئارا قېنى كىم
سۆيمەيدىكەن سېنى ئەي بەخت ؟ !

ئىللىق سەھەر نۇرىنى چېچىپ ،
سايرىغاندەك قۇشلار چاگىلداپ ،
سۇرۇپ ھەسرەت بۇلۇتلىرىنى
مۇزدەك دىلغا بەردىگسەن ئاپتاپ .

باللارنىڭ قولىدىكى شار
قاچقىنىدەك بىردىنلا كۆككە ،
تەسەللىلەر كۆرمىگەن يىغا
قېپ قالىدۇ سەندىن بىھۇدە .



# ئانتونئو بوتتو

( پورتۇگالىيە ، 1902 ـ 1959 )

## سوننېت

ئېسىمدىدۇر ھېلىمۇ شۇ ئازابلىق ئايرىلىش ،
ئۇيلاپ باقسام ئوخشايمەن بەك رەھىمسىز ، باغرى تاش .
شۇندىن بېرى كۆنلىرىم ئۆتتى يوچۇن بىر تۇستە ،
قەلبىممۇ ھەم ئەمەستۇر بۇرۇنقىدەك ئويناق ـ شاش .

يوقسۇللۇقنىڭ ئىلكىدە ئۆتمەكتە بۇ كۆنلىرىم ،
ھەسرەت چېكىپ ، ئاھ ئۇرۇپ ، دەرد قوينىدا تولغىنىپ .
لېكىن ئۇچار مەيلىچە ھەۋەسلىرىم ، خىيالىم ،
يۇرەر نەگە باشلىسا ، جىسمىم ئاگا ھەمدەم بوپ .

قالسىمۇ گەر شېرىن چۈش بەكمۇ يىراق ئۇپۇقتا ،
ئۇنتۇماقچۇن رېئاللىق ـ ئۇشبۇ ئويغاق دۇنيانى
بار ئاۋازدا توۋلايمەن بىر ناخشىغا دائىما .

دۇنيادىكى بارلىقنىڭ بولۇر سىرى ، ئۆز يولى .
لېكىن سۆيگۈ بابىدا ئاق ـ قارىنىڭ ئەزەلدىن .
بوپ باقمىغان ئېنىق بىر تارازىسى ـ ئۆلچىمى .

## 1- ناخشا

نۇر بولساڭ ناۋادا بولغىنىسەن چوقۇم،
دۇنيادا ئەڭ گۈزەل كۈندۈزنىڭ نۇرى.
ئېچىلغاي چېھرىڭدە بىغۇبار كۈلكە،
ئىلھامىم قانات بوپ ئەيلىگەي پەرۋاز
تەپەككۇر كۆكۈمدە خىيال كەپتىرى!
گۈل بولساڭ ناۋادا چاچقىن خۇش پۇراق،
قالغاي تا ئەنبەرمۇ رەشىك ئوتىدا.
تىترىگەي يۈرىكى سۆيگۈ ئەھلىنىڭ،
قايناق بىر تۇيغۇدا، شوخ ھاياجاندا.
ئىنتىلسەم تېنىڭگە، بىلگىن بۇ مېنىڭ
سۆيۈشكە ئالدىراپ لەۋلىرىڭ سېنىڭ
كۆيگىنىم يېلىنجاپ ئوت ـ پىراقىڭدا!
سۇ بولساڭ ناۋادا ـ زېمىنىنىڭ كۆيى،
بول مەڭگۈ تىپتىنىچ، ساپ ھەم بىغۇبار!
خالىساڭ نېمە بول، بەرىبىر لېكىن،
تىلەيمەن ھەممىدىن ئەي سۆيۈملۈكۈم،
بولغىنىسەن ئاۋۋىلى روھىي جىلۋىدار!

## 2- ناخشا

ئولتۇرىمەن بالكوندا،
كېچە راسا ھۆسنىگە تولغان.
قېشىمدا سەن،
كۆكسۈمدە ئەتىرگۈل سەن تاقاپ قويغان.



ئۆتمەكتە چاغ،
مەن ئۈن ـ تىنىسىز،
ئاڭلىنىدۇ نازۇك شىۋىرلاش...

شىۋىرلاشقان كىملەر ئۇ زادى
شۇنچە سەبىي، شۇنچىلىك روشەن؟
تىلىگەن مەندىن
تەقدىر ئىلاھىگە
چوقۇنۇشنى چىن ئىخلاس بىلەن؟
ئېڭىكىمگە تىرەپ قوللىرىم
پاتتىم ئويغا ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق،
گۈزەل بىر ئارماننى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ.
ئايرىلمايدۇ شۇ پىچىرلاشلار
مەندىن بىر مىنۇت،
ئۇ تىنىمسىز، قالماس ئۈزۈلۈپ....

شامال
سۆيۈپ يېشىل دەرەخزارلىقنى
شىۋىرلىدى شېرىن ئاھاڭدا...

قاراڭغۇلۇق چۈشۈپ بىردىنلا
قالدىم
قوللىرىمنى كۆرەلمەس بولۇپ.

ئايىغىمغا
چۈشتى دوسلاپ
نازۇك ئەتىرگۈل.

# فلوربېلا ئېسپانكا

( پورتۇگالىيە ، 1894 ــ 1930 )

## ئازابلىرىم

ئازابلىرىم گوياكى خىيالىي بىر مۇناستىر ،
باردۇر ئۇندا كارىدور ، ئۆتۈشمە يول ، سايىلەر .
باردۇر يەنە قاراڭغۇ يەردە ياتقان سوغۇق تاش ،
چېكىكلىكتۇر ئۇنىڭدا گۈزەل سىزىق ــ نەقىشلەر .

چېركاۋدىكى قوڭغۇراق ، شۇنچە مىسكىن ئاۋازى ،
پىچىرلايدۇ گۇناھى ــ قىلمىشىدىن ئۆكۈنۈپ . . .
داڭ ئۇرۇشى ھەر قېتىم مۇسىبەتلىك ھازىدۇر
يىغلاۋاتقان ياش تۆكۈپ ،ئىچ ــ ئىچىدىن ئۆرتىنىپ . . .
ئازابلىرىم گوياكى خىيالىي بىر مۇناستىر ،
ئۇندا شۇنچە چىرايلىق جىگەر رەڭلىك نىلوپەر ،
ئۆز ھۆسنىنى تەگرىگە قىلار قۇربانلىق ــ تارتۇق .
مەنمۇ ئاشۇ ھەسرەتلىك مۇناستىرنىڭ ئىچىدە ،
كېچە ــ كۈندۈز يىغلايمەن كۆزلىرىمدىن ياش
تۆكۈپ ،
لېكىن ھەسرەت ــ ئاھىمنى تىڭشىغىلى كىشى يوق . . .



## ئېچىنىمەن . . .

ئېچىنىمەن كۆزۈم كۆرگەن جىمى نەرسىگە ،
ئېچىنىمەن مەن ھېس قىلغان جىمى نەرسىگە .
ئېچىنىمەن ئالدامچىغا ، ئالدانغانغا ھەم ،
ئېچىنىمەن تۇرمۇشتىكى ئاۋارىلەرگە .

ئېچىنىمەن چوققىدىكى ئۇيۇل تاشلارغا
ياتقان كۈتۈپ غايىب ئۈمىد ، تەلمۈرۈپ كۆككە .
ئېچىنىمەن بىزدەك ياشاپ باقمىغانلارغا ،
بىزگە يەتمەك ئۈچۈن قانلار تۆككۈچىلەرگە .

ئېچىنىمەن ئۆز ئۆزۈمگە . . . شۇنداقلا ساڭا . . .
سۆيۈشۈڭدە يوق ھارارەت يۇلتۇزچىلىكمۇ ،
ئېچىنىمەن سېنىڭ بىلەن تونۇشماستىلا . . .

ئېچىنىمەن ئۇچقىنىمغا كۆككە قاناتسىز ،
ئېچىنىمەن ئۆتكىنىمگە ۋىسال قۇچالماي ،
ئېچىنىمەن كەتكىنىمگە ئۆمرۈم مەنىسىز .

# كارلوس كىروس

( پورتۇگالىيە ، 1907 ـ 1949 )

## كىچىككۈچىلەر ئۈچۈن تۆت شېئىر

1

چۆكۈپ كەتتى بىر تال نىلۇپەر
ئاستاغىنا كۆلنىڭ ئىچىگە . . .
ئاي نۇرىغا چۆمۈپ سۇ يۈزى
تولدى سوغۇق ، سالقىن بىر تۈسكە .

ئايدىڭ كېچە ، ئاپئايدىڭ كېچە ،
ئاستاغىنا ئۈزەر جامكىلار . . .
ئاستاغىنا قايتىپ كېپ يەنە
بىر ـ بىرىگە ئاچار قۇچاقلار .

ئاغرىق ياتقان مەيىن دولقۇنلار
بولۇپ بىر تەن ئۇشبۇ دەقىقە ،
ئاستاغىنا ، ئاستا ۋە ئاستا
چۆكمەكتە گۈل چۆككەن شۇ جايغا . . .

2

جاھان تىمتاس ، خىياللىرىم شوخ ،
ياغدى بىردىن ئاپئاق كۆمۈش قار .



بولغان كەبى سۈتتەك ئاي نۇرى
ئەسلىمىلەر سۈرىتىگە يار .

كېچىككەن قار ياغماقتا لەرزان
سۆيۈپ غەمكىن كىرپىكلىرىمگە .
تۆكۈلگەندەك بىلىندى بىردىن
ئاي نۇرلىرى يېپىق رۇجەككە .
ئۇخلار جاھان ، ياغماقتا ئاق قار
قەدىم ، بىراق ئەستىلىكلەرگە .
بالىلىقىم ئايدىڭ كېچىسى
تۇرماقتا قاراپ
چۆمۈپ قارنىڭ ئويناق پەيزىگە . . .

3

سىيرىلماقتا ئەنە ئاڭلىغىن
مۇناستىرنىڭ جىمى كاھىشى .
راھىبلەر جىمجىت ۋە لېكىن . . .

نېمىدېگەن ياۋاش قويلار بۇ
شۇ مەنزىرىگە
نەقىش قىلىپ ئويۇپ قويۇلغان !

ئاسسۇرىيىدىكى ① قاپارتمىلاردەك
بار جۈرئىتى باشلاشقا كىمنىڭ
قىرغاقتىكى يولغا ئۇلارنى ؟ . . .

---

① ئاسسىيادىكى قەدىمكى بىر دۆلەتنىڭ نامى . ھازىرقى ئىراقنىڭ شىمالىغا توغرا كېلىدۇ .

خىيالىمدا ئۇ چوپان بالا
كەتتى لېكىن تاشقا ئايلانغان
يىراق بىر جايغا . . .

**4**

جاھان تىمتاس ، ھەممە تىپتىنچ ،
چىقماقتا بىر ساپال قۇتىدىن
قورقۇنچلۇق ئۇرۇش ئاۋازى .
قالدى شۇئان تەشۋىش ئىچىدە
تاغۇ ئورمان ، جىمى يېشىللىق .
بىر غەمكىن قىز ساپال قۇتىنى
كۆتۈر گەنچە
ناخشا تووۋلاپ ئۆتتى خىرامان ؛
قاراڭغۇلۇق چۈشۈپ بىردىنلا
سىڭىپ كەتتى سايىسى ئۇنىڭ
قورقۇنچلۇق كېچىگە شۇئان .



# كارلوس ئولىۋېرا

( پورتۇگالىيە ، 1921 _ 1981 )

## بالىلىق

**1**

يوق زېمىندا
بىر تامچىمۇ ئاسمان .

**2**

نەقەدەر سەبىي
بالىلىق ۋە زېمىن .
ئاز _ تولا سىرلىقتەك
كۆرۈنەر لېكىن .

يۇلتۇزلارنى
دەيمەن ئەتىر گۈل .

زېمىن بىلەن بالىلىق
بولدى چوڭ
ئۆز ئاسمىنىدىكى
گۈلزارلىقتا .

## 3

بولدى ئالتۇن
قۇياش تاۋلىنىپ .
چۈشمەكتە تامچىلاپ
ياپراقلاردىن
بىھۇش سەھەردە .

## 4

ئاتىدىم
شاخلىرىنى
دەرەخلەرنىڭ قانىتى دەپ .

ئۇچۇپ كەتتى دەرەخلەر شۇئان .

يىلتىز تارتىپ ئورنىماقتا چىلىڭ
لېكىن يۇرتۇم يىلتىزلىرى .
مۇنبەت بولۇپ ياشنايدۇ ئۇندىن
بالىلىقنىڭ ئەزىز تۇپرىقى .

بۇ ئازابنىڭ
يەنە بىر يۈزى .



## 5

بۇلۇتلار
ئايلىنىپ سۇغا
تۆرىدۇ ئىسلىپ پايانسىز كۆكتە .
ئارزۇلىرىمدىن
پارچىلىنىپ تۆكۈلدى يەرگە .

قايتىپ چۈشتى ئۇچقۇر ئۇ دەرەخ
ئاندىن يەنە .

## 6

يوق ئاسماندا
بىر تامچىمۇ زېمىن .

## ئانتونئو لۇيس مويتا

( پورتۇگالىيە، 1925 — )

### سەپەردىكى كېمە

يۈرىكىم پالاق،
تەنهالىقىم دېڭىزدۇر،
خۇش تەبەسسۇمىڭ
مەن دېڭىزغا تاشلىغان توردۇر.

تۇتقىنىم دېڭىزمۇ ياكى ئويغىنىش؟
جاراھەت ۋە ياكى جاراھەت ئىزى؟
بىلمەيمەن كىم ئۆزۈڭ، شۇندىمۇ لېكىن
سۆيىمەن سېنى!
بىلمەيمەن كىم ئۆزۈم، سۈرىمەن لېكىن
بەخت پەيزىنى!



## ئانتونئو راموس روسا

( پورتۇگالىيە، 1924 — )

### زېمىن لىرىكىسى

ياتىمەن قوينۇڭدا
ياتقان كەبى زېمىن قوينىدا.
يېشىل تاغلار ئوتلۇق تىنىقى،
ئۆرۈلىدۇ تىنىقلىرىمغا.

ئاچسام كۆزۈمنى
كۆرۈنىدۇ زېمىن ياپيېشىل.
قۇچاقلىسام ئورمانىنى
بىر مىڭلىغان بولىدۇ دۇنيا.

سۆيسەم گۈل بەرگىلىرىگە
سۆيگۈ شارابى
قۇيۇلىدۇ قەلبىمگە.

## يوسى فېررېيرا

( پورتۇگالىيە ، 1900 ـــ )

**بەك ئۇزاق ياشاشمۇ ئوخشاشلا ئازاب !**

بەك ئۇزاق ياشاشمۇ ئوخشاشلا ئازاب !

كۈن كۈندىلا چىقار يۇملاق .
ئاسمانمۇ ھەم بولغىنى بىلەن
بەزەن سۆسۈن ، بەزىدە كۆل رەڭ ،
بەزەن قارا ، بەزىدە زۇمرەت . . .
لېكىن ئەزەلدىن
بوپ باققان ئۆزگە بىر سىياق .

يوق ئۆزگىرىش دۇنيادا قىلچە .
ئېچىلار گۈل يىلدىلا ئوخشاش . . .
مېۋە بېرىپ تۇرار باغلارمۇ
يېشىل رەڭلىك ماشىنا كەبى ،
ئاڭا دائىم قۇشلارلا سىرداش .
كۆرۈندۇ ئەتراپ بىر خىللا ،
ياغماس ھەرگىز قىزىل رەڭلىك قار .
ئۇچمايدۇ ھەم گۈللەر ئاسماندا ،
يوقتۇر ئاينىڭ كۆزلىرى ئەسلا ،
سىزىپ قويماس ھېچكىممۇ ئاڭا .



بار مەۋجۇدات ئاشۇ سىياقتا ،
ئۆلۈك ھەمدە بىر خىل قېلىپتا .

ئەڭ مۇھىمى يوق ئادەملەردە
نە بىر بۆسۈش ، نە بىر ئويغىنىش .
بىلىدىغىنى
يېيىش ، ئىچىش ، كۈلۈش ۋە يىغلاش ،
يوقتۇر لېكىن بىرەر ئويلىنىش .

يانماقتا ھېلىمۇ ئۇرۇش ئوتلىرى ،
زوراۋان ، قانخورلار سۈرمەكتە دەۋران .
قانچە مۇسۇلىنلار ھايات تېخىچە ،
توپ ـ زەمبىرەكلەر يۈرمەكتە ھەريان . . .
ھېلىغىچە نامراتلار لېكىن
نامراتلىقنىڭ قوينىدا ياتقان .
شۇندىمۇ مېنى
قىستار ئۇزاق ياشماققا !

كىچىككىنە بىر سەۋەب تېپىپ
ئۆلۈپ كەتسەم ، تىرىلسام ئاندىن .
كۆرسەم بولدى نە ئۆزگىرىشلەر ،
بولمايدۇ دەپ ئېيتار قېنى كىم ؟

ئاھ ! نەقەدەر قىلىمەن ئارزۇ ،
ئۆلۈۋالسام يېرىم يىلغىچە .
ئۆلۈپ قالسام ماڭۇق تۆشەكتە ،
ياستۇقۇمغا باش قويغىنىمچە .

ئەي شىماللىق گۈزەل دىلبىرىم
ساقلىغىلى كەلگىن مېيتىم .

سوراپ قالسا مېنى بىرەر كىم ،
دەرد ـ ھەسرىتىڭ ئىچىڭگە يۇتۇپ
دېيسەن چوقۇم كۈلۈپ زورىغا :
« بۈگۈن سەھەر ئۆلۈۋالدى ئۇ ،
قۇتۇلدۇرغۇم يوق ئۇنى لېكىن ،
پارچە ـ پۇرات ئىشلار ئۇچۇنلا . »

ئاندىن يەنە ئازابقا تولۇپ ،
مېيتىمنى ئەگىيسەن ئاستا .
لېكىن قويما ھەرگىز ئويغىتىپ
ئەزرائىلنى قورسىقىمدىكى ،
ئۇ تۆرەلمە ، تېخى بىر بالا . . .

**يىغلىمايمەن . . .**

يىغلىمايمەن ، ئازاب ماڭا يات .

تەبىئەتنى بويلايمەن لەرزان ،
گۈل ـ گىياھقا كېتىمەن سىڭىپ
نوختىسى يوق توك ئېقىمىدەك .

ھاپاش ئېتىپ بۇلۇتلۇق كۆكنى
يىلتىزلارغا كىرىپ كېتىمەن .
ئاندىن
گۈل چېھرىدە جىلۋە قىلىمەن . . .



يۈگۈرىمەن كۆك تومۇرلىرىدا ،
قارايمەن ئاشىق بولۇپ جىلغىلارغا ،
ئاندىن قارىغاي ، چېكەتكىلەرنى . . .

لېكىن غەمكىن چاغلىرىم بەزەن
ئوخشاپ قالىمەن بىر مەنزىرىگىلا .
كۆز ئالدىمدا ناتىۋان بىر قۇش ،
ئۇچار ھارغىن ، سۇلغۇن كۆك ئۈزرە .

يىغلىمايمەن شۇندىمۇ لېكىن ،
ئەسقاتمايدۇ كۆز يېشى ئەسلا !
ئازاب مەنسۇپ ئەمەس ئىنسانغا .

# فېرناندو پېسسوئا

( پورتۇگالىيە ، 1888 ـ 1935 )

## ئايدىڭ كېچە ، يىراق بىر جايدا

ئايدىڭ كېچە ، يىراق بىر جايدا
ئۆزەر كېمە كۈمۈش دەريادا .
خەۋەر بەرمەك بولغاندەك گويا
مەن تەرەپكە كەلمەكتە ئاستا .

نە بېشارەت بىلمىدىم ، بىراق
قەلب كۆكسۈم كەلدى لەرزىگە .
كىم ئۈيلاپتۇ ناتونۇش خىيال
كىرەرمۇ دەپ شېرىن چۈشۈمگە .

نە ئازاب ئۇ مېنى چىرمىغان ؟
نە سۆيگۈ ئۇ سىرلارغا تولغان ؟
يۈرەر پەقەت بۇ ئايدىڭ كېچە
ئاشۇ تەنھا يەلكەنلىك كېمە .



## كۆزلىرىم كۆرۈنمەس يىراق بىر جايدا

كۆزلىرىم كۆرۈنمەس يىراق بىر جايدا
ۋە لېكىن كۆز ئالدىم گىرىمسەن دۇنيا .
قەلبىمدە شۇنچە كۆپ ئارزۇ ـ ئارمىنىم
لېكىن قىر ئاشالماي تۇرىمەن بۇندا .

ئۇستۇمدە چېكى يوق پايانسىز ئاسمان ،
يىراقتا ئىس بېسىپ تۇرغان دەرەخزار .
شۇنچىلىك يېقىملىق ، مەيىندۇر شامال ،
ۋە لېكىن ئۇنىڭغا ھەمدەم خازانلار .

خىيالىم ، ئۈمىدىم ، بارلىقىم مېنىڭ
ھەممىسى يىراقتا ، ئاشۇ قىرغاقتا .
قاراڭغۇ چۈشسىمۇ چۈشسۇن ۋە لېكىن
دەيمەنكى قەپەستەك بوپ قالما ساما .

قولۇمدىن يېتىلەپ بىر تاتلىق ئۇيقۇ
ئېپباردى رېئاللىق قوينىغا مېنى .
بىلمەيمەن ئازاب نە ، تۇيغۇ نە ، لېكىن
ھېچ ئۇنتاي دېمەيدۇ ئازابلار مېنى .

## قاراڭغۇلۇق قەسىدىسى

زاۋاللىققا قاچانكى يۈز تۇتقاندا بىر مىللەت
قوۋناق ھايات ، شادلىقى ئايلىناركەن ئۆتمۈشكە .
غەمكىن خىيال ، دەردلەرگە سوغۇق شامال تەسەللى ،
غەمكىن خىيال چۈمپەردە ، تۈنكەن بەختسىزلىككە .

ئۆتمۈش بىلەن كېلىچەك ياتتۇر بىزگە ، بەكمۇ يات ،
ھەتتا بۈگۈن ئۈچۈنمۇ ئويلانغۇدەك كىشى يوق .
روھى كەتكەن ئۇيقۇغا ، ئەتراپىدا سېپىل – تام ،
ئويغانىسمۇ بەربىر ماڭارغا بىر يولى يوق .

كىملەر ئېلىپ قاچتىكىن غۇرۇرىمىز ئوغرىلاپ ؟
سېھىرگەرمۇ ، پېرىخۇن كۆزىمىزنى باغلىغان ؟
كىملەر زادى بىزلەرنى دەرد قوينىغا تاشلىغان ؟
مۇشكۇللۇككە دۇچار قىپ ، كۆكسىمىزنى قىرقىغان ؟

ئەزىمەتلەر ، باتۇرلار دەۋران سۈرگەن بىر زامان ،
ئەمدى يىراق ئۆتمۈش ئۇ ، كەلمەس زىنھار قايتىلاپ .
ئېتىقادلىق قەلبىمىز تولغان گۈزەل ئارمانغا ،
ئاھ ، كەلسىچۇ ئاشۇ چاغ ، ئالساق راسا قۇچاقلاپ .

نە خاتالىق ، جىنايەت ئۆتكۈزدىكىن بۇ تارىخ ؟
قالدى بىزگە تۈگىمەس جەبىر – زۇلۇم ، غېرىبلىق .
ياكى تەقدىر ئەزەلدىن پۈتۈلگەنمۇ مۇشۇنداق ؟
تۇغۇلغانمۇ بىز كۆرمەي ئۆتۈشكە بىر خۇشاللىق ؟



ئېسىمىزدە ھېلىمۇ شۇ چاغدىكى ئۇرۇشلار ،
نېمە قورال ئىشلەتتۇق ، ئېسىمىزدە يوق بىراق .
قۇردۇق قانداق ئارمىيە ، قانداق بايراق كۆتۈردۇق
ھەقىقەتكە يات – يوچۇن ؟ ئېسىمىزدە يوق بىراق .
نېچۈك يەنە بار جازا بىر بىزگىلا پۈتۈكلۈك ؟
قالدى ئۇندىن دىللاردا جاراھەتلىك دەرد – پىراق .

## ھاياتىم تاشلاندۇق ، ئەسكى بىر كېمە

ھاياتىم تاشلاندۇق ، ئەسكى بىر كېمە ،
تەقدىرگە ئاسىي بوپ ياتىدۇ پورتتا .
ئۇ نېچۈك ماڭمايدۇ لەڭگەرنى تارتىپ
يەتمەككە مۆجىزات ئارا ۋىسالغا ؟

ئاھ ، لېكىن دېڭىزغا ئىنتىلىدۇ كىم ،
كىم ئاڭا سايىدىن ئاسىدۇ يەلكەن ؟
سۈپسۈزۈك ، قىرتاق سۇ ، ئويناق دولقۇنلار
مۇقەددەس سەھەرنىڭ لېۋىگە ئۆپكەن .

تىنىمسىز شوخ تەننىڭ يىتكەن جىلۋىسى ،
ئاڭا دىل – ئىرادە بېرەلمەيدۇ جان .
ئويچان سۇ يۈزىدە ئۆلگەن سايىسى .

مۇخ باسقان كېمىنىڭ چىرىك گەۋدىسى ،
تۇرىدۇ پەرۋاسىز ، لېكىن شامالدا
يىراق بىر ئارالغا ئۇچار ئارزۇسى .

### بەخت ئۇ ياتقان تەن دەرەخ تۈۋىدە

بەخت ئۇ ياتقان تەن دەرەخ تۈۋىدە ،
نەم تۇپراق قۇچاقلاپ كەتكەن ئۇيقۇغا .
بىلمەيدۇ نېمە ئۇ پىژغىرىن ئاپتاپ ؟
ئاي قانداق كېسەلگە بولدى مۇپتىلا ؟

مەيلى بۇ ۋەيرانە ، قەدىم زېمىنگە
كولىسۇن ئېئالوس تۈمەنمىڭ ئورەك ؛
مەيلى زور قولىدا شىددەتلىك ئۇيقۇن
چىقارسۇن نېپتونۇس ، پەرۋايى پەلەك .

ئۆتەر كىم قېشىدىن ئاڭا بەرىبىر ،
ئۇ ئۇخلار ، كۈنمۇ تا كېتەر خوشلىشىپ .
ئويغانماس ، يوق چېكى ئۇيقۇسىنىڭ ھېچ ،
ياتار بىر سايىلا ئاڭا گۇۋاھ بوپ .

بىلمەيدۇ نەلەرنى باستى ئايىغى ،
كۈتىدۇ ھاياتنىڭ زادى نېمىنى ؟
بىلمەيدۇ ھاياتلىق بار بولسىلا گەر ،
مەڭگۈلۈك ئىزدەشنىڭ شەرەپلىكىنى .



## كاموئېس

( پورتۇگالىيە ، 1524 ـ 1580 )

### مۇھەببەت ــ يالقۇنى كۆرۈنمەس گۈلخان

مۇھەببەت ــ يالقۇنى كۆرۈنمەس گۈلخان ،
مۇھەببەت ــ ئاغرىقى بىلىنمەس يارا .
مۇھەببەت ــ ئازابقا تولغان خۇشاللىق ،
مۇھەببەت ئازابى ئاغرىتماس لېكىن
يەتكۈزەر كىشىنى جان ھەلقۇمىغا .

مۇھەببەت دېمەككى مۇھەببەت پەقەت ،
مىڭ كىشى ئىچىدە بىر گىلا تالىق .
پايانى يوق ئۇنىڭ شادلىقلىرىنىڭ ،
ئاڭا جان تەسەددۇق كىشىلا لايىق .

مۇھەببەت كۈتىدۇ چىن ئىتائەتنى ،
پۇكەر ئۇ ھەر نوچى ، پالۋان قەددىنى ،
ۋاپاسىز يارغىمۇ قىزغىن ۋە لېكىن
بىلمىدىم ئۇ شۇنچە دۈشمەنلىك تۇرۇپ ،
يەنە قانداقسىگە سېھىرگە تولۇپ
كىشىلەر قەلبىگە ئوت ياقىدىكىن ؟

## داۋىد ئوۋادىيا

( بولغارىيە )

### چىن دىلىمدىن سۆيگەچكە سېنى

چىن دىلىمدىن سۆيگەچكە سېنى ،
كۆرۈنسەن شۇنچە چىرايلىق .
باشقىلارمۇ ھەۋەس ـ زوق بىلەن
قارىشىدۇ ساڭا خۇش ـ ئىللىق .
چىن دىلىمدىن سۆيگەچكە سېنى ،
ياش پېتىڭچە تۇرىسەن شۇنداق !
يوق چېھرىڭدە نە بىرەر قورۇق ،
چاچلىرىڭدا نە بىرەر تال ئاق .

چىن دىلىمدىن سۆيگەچكە سېنى ،
شۇنچە گۈزەل سېنىڭ جامالىڭ !
لېكىن ھەرگىز كەتمە كۆرەڭلەپ ،
ھېلىلەرگە تولمىسۇن دىلىڭ !
مۇھەببىتىم يوقالسا ئەگەر ،
يۈرىكىمدىن ئۆچسە ھەم نامىڭ ،
شۇئان قېرىپ بولىسەن موماي ،
خازان بولۇر گۈلدەك جامالىڭ !



## م . ئېمىنېسكۇ

( رومىنىيە ، 1850 ـــ 1889 )

### ئەگەر . . .

دېرىزەڭگە ئۇرۇلسا شاخلار ،
شاماللاردا يەلپۈنسە تېرەك ،
بىلگىن : سېنى خىيال قىلغىنىم ،
كەلگىن نىگار يېنىمغا تېزرەك .

سۇ يۈزىدە يۇلتۇز جىمىرلاپ
يورۇتسا گەر كۆلنىڭ تەكتىنى ،
بىلگىن : بۇدۇر قەلبىم شاد قىلىپ
ئۇنتۇش ئۈچۈن ئازابلىرىمنى .

تارقاپ كۆكتە قارا بۇلۇتلار ،
ئاي نۇرىنى سەپسە قايتىدىن ،
بىلگىن : ساڭا سېغىنىشىم بۇ ،
ئۇ ئەبەدىي ئۆچمەس دىلىمدىن .

# لوركا

( ئىسپانىيە ، 1898 ــ 1936 )

## دېڭىز سۈيى قوشىقى

دېڭىز
تەبەسسۇمدا باقار يىراقتىن .
بۇژغۇنلاردۇر سەدەپ چىشلىرى ،
كۆپكۆك ئاسمان چىرايلىق لېۋى .

« ئوچۇق قويۇپ كۆكسۈڭنى بۇنداق
نېمە سېتىپ يۈرىسەن ئەي قىز ؟ »

« دېڭىز سۈيى ، ئەپەندى ،
دېڭىز سۈيى سېتىپ يۈرىمەن . »

« خوشقۇ سەن بەك ، ئەي قارىۋاي بالا .
تومۇرۇڭدا ئاققىنى نېمە ؟ »

« دېڭىز سۈيى ، ئەپەندى ،
دېڭىز سۈيى تومۇرۇمدىكى . »

« قۇرۇمايدۇ نېمىشقا موما
كۆزلىرىڭدىن ئاچچىق كۆز يېشى ؟ »

« دېڭىز سۈيى ، ئەپەندى ،



كۆزلىرىمدىن تارامىلىغىنى . »

« ئەي يۈرىكىم ،
نېمانچىلا ئاچچىق پۇغانىڭ ؟ »

« ئاھ ! دېڭىزدىن ، قىرتاق دېڭىزدىن
كەلگەندۇر بۇ ئاچچىق پۇغانلار . »

دېڭىز
تەبەسسۇمدا باقار يىراقتىن .
بۇژغۇنلاردۇر سەدەپ چىشلىرى ،
كۆپكۆك ئاسمان چىرايلىق لېۋى .

## ئەللەي ناخشىسى

ئۇخلا ،
قورقمىغىن
كوچا كەزدى قاراقتىن .
ئۇخلا ، تېزراق شېرىن چۈش كۆرگىن .

يوق ساڭا زەخمەت
كېپىنەك ،
سۆزلەر ،
قۇلۇپ تۆشۈكىدىن چۈشكەن نۇرلاردىن .
ئۇخلا ، تېزرەك شېرىن چۈش كۆرگىن .

سۇپسۇزۇك ئەينەك
يۈرىكىمسەن

مىنىڭ بەئەينى ،
سەن بىر باغسەن ، كۈتمەكتە ئۇندا
مۇھەببەتلىك تۇيغۇلار مىنى .

تەشۋىشلەنمە ، ئۇخلىغىن تېزراق ،
چوقۇم يەنە ئويغانغىن بىراق .
لەۋلىرىمدىن ئاداققى سۆيۈش
ئۆچكىنىدە ، كەتكەندە يىراق .

## ئەڭ دەسلەپكى ئارمان قوشىقى

كۆپكۆك ، تازا سەھەردە
بولسام دەيمەن بىر يۈرەك .
بىر يۈرەك .

قىران كېچىلەردە
بولسام دەيمەن سوپىسوپىياك .
سوپىسوپىياك .

( ئەي روھ
ئارتقىن ئاپىلسىن رەڭگىنى .
ئەي روھ
ئارتقىن سۆيگۈ رەڭگىنى . )

شوخ سەھەرلەردە
ئايلانسىكەن دەيمەن ۋۇجۇدۇم
سوقۇپ تۇرغان يۈرەككە .



تىمتاس كېچىلەردە
ئايلانسىكەن دەيمەن ئاۋازىم
سوپىسوپىياكقا .

ئەي روھ
ئارت ئاپىلسىن رەڭگىنى !
ئەي روھ
ئارت مۇھەببەت رەڭگىنى !

## بىر قىزغا شۇرلاپ ئېيتقانلىرىم

ئويلىمىغان ئىدىم ئەسلىدە
ھەم دېگۈم يوق ساڭا ھېچنېمە .

كۆزلىرىڭدە كۆرگەن ئىدىممەن
غالجىرلاشقان ئىككى كۆچەتنى .
ئۇ سەلكىندۇر ، ئالتۇن ھەم كۈلكە .

چۈشۈپ كەتكەن ئۇسسۇلغا ھەممە .

ئويلىمىغان ئىدىم ئەسلىدە
ھەم دېگۈم يوق ساڭا ھېچنېمە .

## ۋېرلېن ①

مەڭگۈ، مەڭگۈ
ئېيتىلماس ناخشام
لەۋلىرىمدە
كەتكەن ئۇيقۇغا.
مەڭگۈ، مەڭگۈ
ئېيتىلمايدۇ بۇ ناخشا.

پارقىراق قوڭغۇز
تۇرار ئەنە ئۇچقات بەرگىدە،
ئاي نۇرانە نەشتەرلىرىنى
سانچىماقتا سۇنىڭ يۈزىگە.

ئۇيقۇلۇقتىكى چۈشتىن ئاشۇ چاغ
ئېرىشكەنمەن ئۇشبۇ ناخشىغا
مەڭگۈ، مەڭگۈ ئېيتىلمايدىغان.

يىراقتىكى جىلغا ۋە لەۋلەر
ئارا تولغان ناخشا بۇ ناخشا.
قاراڭغۇلۇق، ئەستىن چىققان چاغ
ئارا تولغان ناخشا بۇ ناخشا.

ماڭگۇ پۈتمەس كۈندۈزنىڭ
شوخ، جىلۋىلىك يۇلتۇزلىرىنىڭ
ناخشىسىدۇر بۇ يارقىن ناخشا.

① ۋېرلېن ( 1844 ـ 1896 )، فرانسىيە شائىرى.



## چەۋەنداز ناخشىسى

قاراقچىنىڭ
قارا رەڭلىك ماھىدا
تۆمۈر تەپكە ئېيتماقتا ناخشا.

ئەي قارىگىر ئات
ئۆلگەن چەۋەندازنى ئېپ ماڭدىڭ قايان؟

قاراقچى ھالسىز
چۇلۋۇرنى تارتقۇدەكمۇ يوق ماجالى،
لېكىن چەبدەس شۇنچە تۆمۈر تەپكۈسى.

ئەي مۇزلاپ كەتكەن ئات،
ئۆتكۈر تىغ چېچەكلەر نەقەدەر خۇشبۇي!

قارا رەڭلىك ئايدىكى
مۇرانا تاغلىرىدا
ئىسسىق قانلار ئاقماقتا دەۋرەپ.

ئەي قارىگىر ئات،
ئۆلگەن چەۋەندازنى ئېپ ماڭدىڭ قايان؟

دېۋىتمەكتە
كېچە يۇلتۇز نۇرلىرى بىلەن
قارا رەڭلىك بېقىنلىرىغا.

ئەي مۇزلاپ كەتكەن ئات ،
ئۆتكۇر تىغ چېچەكلەر نەقەدەر خۇشبۇي !

گۈلخان مۇگگۈزلىرى ، چۇقان ـ سادالار
قىلار جىلۋە
قارا رەڭلىك ئاينىڭ ئۈستىدە !



## خىمېنېز

( ئىسپانىيە ، 1881 ـ 1958 )

### كېچە كۈيى

كۆزۈمدىن سىرغىغان بىر تامچە يېشىم
كۆكتىكى يۇلتۇزغا كەتتى سىڭىشىپ .
كۆز يېشىم مۇزلىغان يۇلتۇزغا ، يۇلتۇز
ئاچچىق كۆز يېشىمغا كەتتى ئايلىنىپ .

ئايرىلدىم ، ئايرىلدى كۆكمۇ كۆزىدىن ،
مۇپتىلا ئەيلەبان ئىشق سەۋداسىغا .
ئايلاندى كائىنات ، بار مۆجىزىلەر
نۇرانە يۇلتۇزنىڭ دەرد ـ پىراقىغا ،
ئازابلىق كۆز يېشىم نۇر ـ زىياسىغا .

### سىز مېنى ئۇخشىتىپ بىمەنە سۆزگە

سىزنىسەن شۇقەدەر ئوخشىتىپ مېنى
ھاياتنىڭ گىرىمسەن ـ غۇۋا بېتىگە .
كۆرۈنەر سىزغىنىڭ تىرىك ئادەمدەك ،
قايىلمەن تەگداشسىز ماھارىتىڭگە .
ئاھ ، سىزغىن قايتىدىن قويماستىن كۆڭۈل ،
ئوخشىسۇن ئوبرازىم بىمەنە سۆزگە .

## بولسىمۇ سۆيگۈمىز ئاجىز ھەم سوغۇق

بولسىمۇ سۆيگۈمىز ئاجىز ھەم سوغۇق ،
تۇزانسىز ھاۋادەك گۈزەل يەنىلا .
چاراقلاپ كۈمۈش ئاي نۇرلىرى ئارا
شوخشىغان ئېقىندەك سۈزۈك ۋە تازا .

## قەلبىم گويا تۈپتۈز داغدام يول

تونۇپ قالدىم تونۇش ئىزىڭدىن ،
كەتتىڭ دىلغا جاراھەت سېلىپ .
سەرسان ئىتمەن كوچىدا يۈرگەن ،
ئاۋارىمەن سېنى ئىزدىرىپ .
. . . كەتتىڭ ! ئۇچۇپ ئالدىراش چاغلار ،
قەدەملىرىڭ قالدۇردى يىراق .
قەلبىم گويا تۈپتۈز داغدام يول ،
ئۇزىماقتا ئۆلگەن بىر تىلەك ،
ئۇزىماقتا يىراقتىن يىراق .

## تىرىكلىكىمگە ئابىدە

شېرىن چۈش ئۇستۇمگە ياپقاندا كېپەن ،
ھاياتنىڭ زوقىدا تىرىلدى بۇ تەن .

## كىم بىلىدۇ بولغۇسى كۈننى

كىم بىلىدۇ بولغۇسى كۈننى !

قانچەرەت



تاڭ نۇرىنى توسىدى تاغلار !

قانچەرەت
ئۇپۇقتىكى سەرۋى شەپەقلەر
چېقىنلارغا بولدى ھامىلدار !

گۈل چىرايلىق ئەمما زەھىرى بار ،
تىغ ۋەھشىيۇ ، ھاياتقا تۇمار .

ئويلار ئىدىم مەنزىل ـ نىشانىم
گۈزەل يايلاق ، رەڭدار گۈلشەن دەپ .
ئارزۇلىرىم ئاچمايلا چېچەك
لاتقىلاردا يۇردۇم تەمتىلەپ .

مەن ھاياتتىن ئىزدەيتتىم شەرەپ ،
ئەجەل مېنى سۆيدى پەپىلەپ .

# ناچات زىكرىيا

( يوگوسلاۋىيە ، 1928 — )

## شائىر

يالغۇزلۇق
ئۆلتۈرمەكچى بولۇر شائىرنى ،
بىراق شائىر يالغۇزلۇقتا
ئۆگىنىدۇ قانداق ياشاشنى .

چۈش
ئۆلتۈرمەكچى بولۇر شائىرنى ،
بىراق شائىر ئۇنىڭغا
ئۆگىنىدۇ قانداق ياشاشنى .

دوستلىرى
ئۆلتۈرمەكچى بولۇر شائىرنى ،
بىراق شائىر ئۇلارغا
ئۆگىنىدۇ قانداق ياشاشنى .

دۈشمەنلىرى
ئۆلتۈرمەكچى بولۇر شائىرنى ،
بىراق شائىر دۈشمەنلىرىگە
ئۆگىنىدۇ قانداق ياشاشنى .



ھېچنېمە
ئۆلتۈرەلمەس شائىرنى ،
پەقەت ئۇنىڭ شېئىرلىرىلا
ئالالايدۇ ئۇنىڭ جېنىنى .

## تەبەسسۇملىرىم

بەزەن چاغدا تەبەسسۇملىرىم
پارچىلىنىپ كېتىدۇ تال ـ تال
يىغىۋالماق بولىمەن
چۈشۈپ كېتەر قولۇمدىن دەرھال

پارچىلانغان تەبەسسۇملىرىم
ۋە ئاپتاپتا يۇيۇنغان

قوللىرىمغا قارىغىنىمچە
گىلاسقا ياماشقان شۇ گۈزەل قىزنى
ئالىمەن ئەسكە

شۇئان دەيمەن بولسام بىر دەرەخ
يېسە مېنى قۇرتلار
تەبەسسۇمۇم يەرگە كۈچ بەرسە
بىلەكلىرىم
يىلتىز بولۇپ يېيىلىپ كەتسە

# ئاسو سۇبوۋ

( يوگوسلاۋىيە ، 1923 — )

## سۈكۈت

گەر بولسا قەلبىگدە پىنھان بىر ئازاب
شۇ قەدەر ئاچچىق ھەم ئېيتقىلى بولماس ،
كۆم ئۇنى سۈكۈتنىڭ چوڭقۇر تەكتىگە ،
سۈكۈتتۈك سۆزلەيدۇ بىر كۈن ساڭا خاس .



# مىخائىل رىندىزوۋ

( يوگوسلاۋىيە ، 1936 — )

## ئەسلەپ سېنى

ئەسلەپ سېنى
سىلىپ قويسام بىر سۆز ئىچىگە
ئۇ سۆز شۇئان ئالىدۇ نەپەس
بىر قۇش ئۇچۇپ كىرەر كۆزۈڭگە
يېزىپ قويسام ئىسمىڭنىلا ، بەس

ئەسلەپ سېنى
سالسام بىر تال تېرىق ئىچىگە
ئۆسەر شۇئان ، ئاچار ئۇ چېچەك
يۇلتۇزلار ئايلانسا سۆيگۈچۈن تىنماي
تىترەيدۇ ۋۇجۇدۇڭ سۈترەڭ بۇغىدەك

ئەسلەپ سېنى
سىلىپ قويسام كىتاب ئىچىگە
كىتاب شۇئان ئالىدۇ نەپەس . . .

# كول نېدركوۋسكى

( يۇگوسلاۋىيە ، 1912 ـ 1941 )

## يارىلانغان يۈرەك

كۈندۈز كېتىپ ،
ئاستا ـ ئاستا باستى زېمىننى
ئېچىنىشلىق ، ھەسرەتلىك كېچە .

كۆتمەكتىمەن رودىنا سېنى
دېرىزەڭگە
تىكىپ غەمكىن ، دەردلىك كۆزۈمنى .

سېنى چوقۇم چىقىدۇ دەيمەن ،
مەرۋايىتتەك لەۋلىرى ماڭا
شېرىن سۆزلەر قىلىدۇ دەيمەن .

ياكى مەرمەر قوللىرى بىلەن
ئىشارەت قىپ ، دەردلىك قەلبىمگە
تەسەللىلەر بېرىدۇ دەيمەن .

سەن چىقمىدىڭ رودېنا ئەمما ،
باقمىدى ھېچ شەھلا كۆزلىرىڭ ،
قىلمىدىڭ ھەم ئىشارە ماڭا !



ئۆتتى شۇنداق قاراڭغۇ بۇ تۈن ،
ئويغىنىپ نومۇستىن قىزاردى سەھەر ،
قەلب يارامدىن ئۆرلىدى تۈتۈن .

شۇ ياردا رودېنا
تۇرار سېنىڭ گۈزەل قامىتىڭ
ھەمدە ئوتلۇق شەھلا كۆزلىرىڭ .

## مارك چيۋانكيۋ

( يوگوسلاۋيه ، 1829 ـ 1920 )

### يىغلىماقتا ماكېدونىيه

ئېچىنىشلىق يىغا ئاۋازى
تاغ ـ ئورماندىن ئۇچۇپ كەلمەكتە .
يىغلىماقتا ماكېدونىيه !

ئۇ يىغلايدۇ ھەسرەت ۋە داغدا ،
چۈنكى ئوغلى — يۈرەك پارىسى
ئۆلۈپ كەتكەن تۈرك قولىدا .

چاقىرماقتا ماكېدونىيه
باتۇرلارنى تۇرماققا ،
قولىغا قورال ئالماققا .

ئۆز قېرىنداشلىرىنى قوغدىماققا ،
خارلانغىنىغا بولدى بەش ئەسىر
ئۇلارنىڭ تۈركلەر ئاياغ ئاستىدا .



## د . ماكسىموۋىچ

( يوگوسلاۋيه ، 1898 — )

### كاشتان

بولدى ، كەلمە قېشىمغا مېنىڭ !
يىراقلاردىن ئەسلەي مەن سېنى ،
ئەسلەپ ئوتلۇق قاراقلىرىڭنى .
پەقەت كۈتۈش ـ يوشۇرۇن سۆيۈش
مۇھەببەتنىڭ ئەڭ گۈزەل چېغى .

بولدى ، كەلمە قېشىمغا مېنىڭ !
شېرىن كاشتان ، كۈتۈش ، تەمتىرەش
مەست قىلىدۇ مېنى تېخىمۇ .
دۇنيادىكى بار ئىنتىلىشلەر ،
ھەممە ـ ھەممە خىرە قىياسلار
تۈيۈلىدۇ
تېخىمۇ ئۈز ، تېخىمۇ ئىزگۇ .

بولدى ، كەلمە قېشىمغا مېنىڭ !
ھاجىتى يوق ، كەلمىگىن كەلمە .
لال قىلىدۇ مېنى پەقەتلا
يىراقلاردىن كۆرۈنگەن ھەممە .
كۆرۈنىدۇ يىراق نەرسىلا
يۇلتۇز كەبى يارقىن ـ نۇرانە .

بولدى ، كەلمە ، خۇما كۆزلىرىڭ
تىكىلمىسۇن مېنىڭ تېنىمگە !



# ۋىتمان

( ئامېرىكا ، 1819 ــ 1892 )

## تۆۋەنگە باق گۈزەل تولۇن ئاي

تۆۋەنگە باق گۈزەل تولۇن ئاي ،
يۇي ، ئادالا بۇ مەنزىرىنى ؛
كېچىدىكى بۇلۇتلارنى سىق ، تاتارغان ، ئىششىغان ،
كۆككۆرۈپ كەتكەن يۈزلەرگە سەن تۆك
يامغۇرلارنى ؛
تۆك يامغۇرنى ، ئەيلىگىن جۇپ ــ جۇپ ، غۇلىچىنى
كەڭ يېيىپ تۇرغان ئۆلۈكلەرنىڭ بەدەنلىرىنى .
ئەي مۇقەددەس ، گۈزەل تولۇن ئاي ، تۆككىن
توختىماي ، توسقۇنسىز نۇر ئۈنچىلىرىنى .

## ئادەم ① كەبى بىر كۈنى تاڭدا

ئادەم كەبى بىر كۈنى تاڭدا ،
ئادەم كەبى بىر كۈنى تاڭدا ،
روھ ئۇيقۇدىن ئويغاندى ، مەن ئۆيۈمدىن چىقتىم تالاغا ،
كۆرۈپ تۇرغىن مېڭىشلىرىمنى ، ئاڭلاپ تۇرغىن
ھەم ئاۋازىمنى ، كەلگىن ، كەلگىن قېشىمغا ،
كەل قېشىمغا ، قېشىمغا ، مەن ماڭغاندا ،

① ئادەم ئەلەيھىسسالامنى دېمەكچى ( ت ) .

قوللىرىڭنى ياق ۋۇجۇدۇمغا .
ۋۇجۇدۇمدىن قورقمىغىن سەن ئەسلا .

## مەرسىيە

سۆيۈش ! سۆيۈش ! تاتلىق سۆيۈشلەر !
كەينىدىكى دولقۇنلار ئالدىدىكى دولقۇننى سۆيمەكتە چىلىڭ قۇچاقلاپ ،
كەينىدىكى يەنە بىر دولقۇن قۇچاق ئېچىپ كەلمەكتە شوخشۇپ ، كەلمەكتە دولقۇنلارنى دولقۇنلار قوغلاپ ،
لېكىن يايرىم كەلمىدى مېنىڭ ، ئالسام دەيتتىم ئۇنى باغاشلاپ ، ئالسام دەيتتىم ئۇنى باغاشلاپ !

ئاي كېچىكىپ چىقتى بايىلا ،
قەدەملىرى شۇ قەدەر ئاستا ، ئاھ — ، مەنچە چوقۇم ئۇ مۇھەببەتنىڭ كۆتۈرگەندۇر ئېغىر يۈكىنى ، كۆتۈرگەندۇر ئېغىر يۈكىنى .

ئاھ ، بېرىلىپ سۆيمەكتە دېڭىز ئۇتتەك قىزغىن مۇھەببەت بىلەن ، ئۇتتەك قىزغىن مۇھەببەت بىلەن بۇ كەڭ زېمىننى .

زۇمرەت كېچە ، ئېھ زۇمرەت كېچە ! كۆرگەنتىمغۇ
گۈزەل يايرىمنىڭ دولقۇن ئۇزرە پەرۋاز قىلغىنىنى ؟
ئاق دولقۇنلار ئارىسىدىكى كېچىككىنە سايە ئۇ نېمە ؟



ئاۋاز ! ئاۋاز ! شۇنچە چىلىڭ ئاۋاز !
بار ئاۋازدا توۋلىدىم سېنى ، ئەي مېنىڭكى گۈزەل ئامرىقىم !

ئاۋازىمنى چىلىڭ ھەم روشەن قىپ دولقۇنلارغا تاشلىدىم بىر بىر ،
سەن بىلسەن بۇ يەردە كىم بار ، بۇ يەردە كىم بار ،
سەن بىلسەن مېنىڭ كىملىكىم ، سەن مېنىڭكى گۈزەل ئامرىقىم !

تولۇن ئېيىڭ يېڭىلا چىققان
سېنىڭ زەررەڭ نۇرلىرىڭ ئىچرە ، ئېيتقىنا ئۇ كېچىككىنە قارا داغ نېمە ؟
ئاھ ، ئۇ سېنىڭ سايەڭدۇر ، ئامرىقىمنىڭ سايىسىدۇر ئۇ !
ئاھ تولۇن ئاي ، تۇتۇپ ئالمىغىن ،
ئۇ تېز كەلسۇن قېشىمغا مېنىڭ !

زېمىن ! زېمىن ! ئەي زېمىن !
نەگە بارسام مېنىڭچە ، بىرەلمەيسەن ئەكىلىپ سەن يايرىمنى قېشىمغا ، پەقەت ، پەقەت خالىساڭلا ،
چۈنكى نەگە قارىسام ، گىرىمسەنلىك ئىچىدىن كۆرگەندەك بولىمەن يايرىم چېھرىنى .

ئاسمىنىڭدا نۇرلۇق يۇلتۇزلار !
بەلكىم تەشنا بولغان ئۇ كىشىم سىلەر بىلەن تۇرغاندۇ بىللە ، سىلەر بىلەن تۇرغاندۇ بىللە .

ئاھ، ئاۋازىڭ، تىترەپ تۇرغان كۈيچى ئاۋازىڭ!
بۇ پايانسىز ئاسماندا ياڭرات سۆزۈڭ ناخشىنى!
كىرسۇن زېمىن ئىچىگە، بوسۇپ ئۆتسۇن ئورماننى!
مەن ئىنتىزار ئۇ كىش چوقۇم بىر جايلاردا ئاڭلىماقتا سېنىڭ ناخشاڭنى!

ئېيت ناخشاڭنى، بۇ ناخشا
زېرىكىشلىك كېچە ناخشىسى،
ئېچىنىشلىق مۇھەببەت ھەمدە ۋەھشىي ئۆلۈم ناخشىسى،
قەدەملىرى بەك ئېغىر، زەپىران ئاي تېگىدە ھەسرەت بىلەن ياڭرىغان ناخشا،
ئاھ، دېڭىزغا چۆكەي دەپ قالغان زەپىران ئاي تېگىدە ياڭرىغان ناخشا!
ئاھ، شۇ قەدەر ئۈمىدسىز ناخشا!

لېكىن ئاۋازىڭ بولسۇن ئىللىقراق، بولسۇن ئاستىراق!
ئېيتاي ساڭا شۇئىرلاپ،
ئاڭلاپ باققىن شاۋقۇنلۇق دېڭىز،
ئاڭلىغاندەك بولدۇمەن چۈنكى يايرىم مېنىڭ بىر جايدا ماڭا ماقۇل بولغىنىنى،
شۇنچە يەڭگىل، لازىمدۇر، خاتىرجەم قۇلاق سالمىقىم،
لېكىن بولماس جىم تۇرۇۋالسام، ئۇنداق قىلسام



سۆيۈملۈك يايرىم تېز كەلمەيدۇ قېشىمغا مېنىڭ.

قېشىمغا كەل سۆيۈملۈك يايرىم!
مەن بۇ يەردە، بۇ يەردە!
چاقىرىمەن سېنى دەممۇ دەم توختىماستىن مۇشۇ ئاۋازدا،
بۇ يېقىملىق ئاۋازىم، بىل سېنىڭچۈن، ئەي نىگار، پەقەت، پەقەت سېنىڭ ئۈچۈنلا.

باشقا جايغا كېتىپ قالما ئۇقماستىن،
ئۇ جايدىكى دېڭىز شاۋقۇنى، ئەمەس مېنىڭ ئاۋازىم،
ئۇ بۇژغۇنلار شوخلۇقى، بۇژغۇنلارنىڭ شوخلۇقى،
ئۇ ياپراقلار سايىسى.
ھەممە نەرسە قاپقاراڭغۇ، ئاھ، ھەممە نەرسە بىھۇدە!
مەن نەقەدەر سۇلغۇن، بىچارە.

ئاھ، كۆكتىكى ئاينىڭ شولىسى، كەڭ دېڭىزغا چۆكەي دەپ قالغان!
ئاھ گىرىمسەن نۇرلارنىڭ ئەكسى، دېڭىز ئۈزرە پىلىلداپ تۇرغان!
ئاھ، ناخشىلار، ناخشىلار، ئاھ، تىنىمسىز سوققان يۈرەكلەر!
ناخشا ئېيتتىم بىھۇدە، ناخشا ئېيتتىم تاكى تاڭغىچە.

ئاھ، كەچمىشلەر! ئاھ قۇتلۇق ھايات! ئاھ شادلىقنىڭ ياڭراق ناخشىسى!
پايانسىز كۆك، ئورمان، دالادا
سۆيگەنمەن! سۆيگەن! كۆپ سۆيگەن!
لېكىن يايرىم يوقتۇر قىشىمدا، يوقتۇر مېنىڭ قىشىمدا!
مۇندىن كېيىن ئىككىمىز بىر بولمايمىز زادىلا!



# دىككىنسون

( ئامېرىكا، 1830 — 1866 )

## تاللىۋېلىپ دوستىنى قەلب

تاللىۋېلىپ دوستىنى قەلب
ياپار شۇئان ئىشىكىنى چىڭ.
شۇندىن كېيىن جىمى مەۋجۇدات
كۆرەلمەيدۇ ئىچىنى ئۇنىڭ.

پاكارغىنا ئىشىكىگە گەر
پەيتۇن كەلسە، پەرۋايى پەلەك.
پادىشاھ كېپ بوسۇغىسىغا
باش قويسىمۇ پەرۋايى پەلەك.

بىلىمەن بۇ كەڭرى ئالەمدە
ئۇ تاللىغان پەقەتلا بىرنى.
تاقاقلىقتۇر، تاشقا ئوخشار ئۇ،
ئېچىلمايدۇ مەڭگۈ ئىشىكى.

## بولسام دەيمەن باھارلىك سىنلىك

بولسام دەيمەن باھارلىك سىنلىك ،
باھار پەسلى كەتسە پەر قېقىپ !
ياگراپ تۇراي مۇڭلۇق كۈي بولۇپ ،
قۇشلار سايراپ قالسا گەر ھېرىپ .

ئېچىلايمەن سەنچۈن گۈل بولۇپ
قەبرىلەرنى تېشىپ چىقىپ مەن !
ئۈزۈۋالغىن ، مەن ئۇز مۇدەنگۈل ،
مەن سىنىڭكى ، سىنلىك گۈلۈگمەن !



# سارا تېسدال

( ئامېرىكا ، 1884 ـ 1933 )

## ئۇنتۇ ئەمدى ئۇ ئىشنى

ئۇنتۇ ئەمدى ئۇ ئىشنى ئۇنتۇغاندەك بىر گۈلنى ،
ئۇنتۇغاندەك ناخشىلار ئېيتقان زەررەلىك يالقۇننى .
ئۇنتۇ ئۇنى مەڭگۈگە ، ۋاقىت بەكمۇ رەھىمدىل ،
قېرىنتار ئۇ ئاخىر ئاستا ـ ئاستا بىزلەرنى .

سورىسا كىم دېگىن سەن : ئاللىبۇرۇن ئۇنتۇغان ،
بەكمۇ ئۇزاق چاغلاردا بولۇپ ئۆتكەن ئۇ ئىشلار .
ئۇنتۇلدى ئۇ گۈل ۋە ئوت ، ئۇنسىز ئاياغ ئىزلىرى
يوقالغاندەك دالانى بېسىپ قېلىن قار ـ مۇزلار .

# لانستون خۇگېس

( ئامېرىكا ، 1902 ـ 1967 )

## كىيىمىمنى يۇدۇم پاكپاكىز

كىيىمىمنى يۇدۇم پاكپاكىز ،
بولدى خۇددى يېڭى ئالغاندەك .
كىيىۋالدىم ئۇچامغا ، لېكىن
كۆڭلۈم يەنە دەردكە تولغاندەك .

سېتىۋالدىم يېڭى شلەپە ،
كۆرۈنەر ئۇ بەكمۇ چىرايلىق .
يوقتۇر لېكىن يېنىمدا جانان ،
ئاشۇ گۈزەل ، مېھرىبان ـ ئەللىق .

ئالدىم يەنە پارقىراق ئاياغ ،
خوپ ياراشتى كىيسەم مەن ئۇنى .
يوقتۇر لېكىن مۇندا بىرەر قىز
سۆيۈملۈكۈم دېگىلى مېنى .



## ئامېرىكىنى كۈيلەيمەن مەنمۇ

ئامېرىكىنى كۈيلەيمەن مەنمۇ .
قارا تەنلىك بۇرادەر ئۆزۈم .
مېھمان كەلسە ، قوغلايدۇ مېنى
ئاشخانىغا ، تامىقىم شۇندا ،
لېكىن شادمەن ، نېمە يېسەم بار ،
كۈچتۈنگۈرمەن ، باق ۋۇجۇدۇمغا .

ئەته يەنە كەلگەندە مېھمان ،
ئولتۇرىمەن ئۇلار قېشىدا .
دەپ باقسۇنچۇ
قېنى شۇ چاغدا :
« چىق ئاشخانىغا ، تامىقىڭ شۇندا ! »

مېنى كۆرۈپ ئەكسىچە ئۇلار ،
گۈزەللىكىمدىن
كۆزلىرىمنى خىجىللىق قاپلار .
بىلگىن ، مەنمۇ ئامېرىكىلىقمەن .

### ھەقىقەت ــ كۆزى كور ئىلاھە گويا ①

ھەقىقەت ــ كۆزى كور ئىلاھە گويا ،
نېگىرلار ئەڭ چوڭقۇر بىلىمىز بۇنى .
يىرىڭداپ كەتكەن شۇ يارا ئېغىزى
ئېھتىمال ئەسلىدە ئۇنىڭ كۆزلىرى .

---

① 1931 ـ يىلى ئامېرىكىدا توققۇز نېگىر ياش ئىككى ئاق تەنلىك پاھىشىگە باسقۇنچىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان . شائىر بۇ خىل ئىرقىي ئايرىمىچىلىققا غەزەپلىنىش يۈزىسىدىن بۇ شېئىرنى يازغان .



## ستىفېن كران

( ئامېرىكا ، 1871 ــ 1900 )

### ئۇرۇش دېگەن شەپقەتلىك كېلۇر

يىغلىماڭ قىز ، ئۇرۇش دېگەن شەپقەتلىك كېلۇر .
يىگىتىڭىزنى
كۆككە بېقىپ قوللىرىنى سۇرسۇن دېسىڭىز ،
ئۈركىگەن ئات ئۆزى يالغۇز چاپسۇن دېسىڭىز ،
يىغلىماڭ قىز ،
ئۇرۇش دېگەن شەپقەتلىك كېلۇر .

جەڭ دۇمبىقى ئۇرۇلماقتا بوغۇق دۈگۈلداپ ،
جەڭگاھ تامان يۈگۈرمەكنى ئىستەر ئوغلانلار .
ئەر دېمەككى ، ئۇرۇش ئۈچۈن يارالغان ئەسلى ،
شەرھى يوق بىر شان ـ شەرەپكە باغلانغان ئۇلار .
بەكمۇ بۈيۈك جەڭ ئىلاھى ھەم ئۇنىڭ تەختى ،
زېمىندا ياتار سانسىز جەسەت ـ مۇردىلار .

يىغلىماڭ قىز ، ئۇرۇش دېگەن شەپقەتلىك كېلۇر .
ئاتاڭ سېرىق ئاكوپلاردا ئاچچىق تولغىنىپ ،
غەزەپ بىلەن كۆز يۇمسىمۇ زەردە گۆش بولۇپ ،
يىغلىماڭ قىز ،
ئۇرۇش دېگەن شەپقەتلىك كېلۇر .

جەڭ بايرىقى لەپىلدەيدۇ شوخ ھەم جىلۋىدار ،
ئۇندا جەسۇر بىر بۆركۈت بار چوغرەڭ تاجىدار .
ئەر دېمەككى ، ئۆرۈش ئۈچۈن يارالغان ئەسلى ،
نىشان بېرىلىك تەرىپىدىن قىرغىنچىلىقنىڭ ،
جاللانلىقنىڭ شەرىپىنى چۈشەنسۇن ئۇلار ،
دالالارغا توشۇپ كەتسۇن جەسەت ـ مۇردىلار .

يۈرىكىڭىز قىلىپ بىر گۈل بىزەڭ ئوغلىڭىز
ئانىسىنى كېپەنلەنگەن شان ـ شەرەپ بىلەن .
يىغلىماڭ قىز ،
ئۆرۈش دېگەن شەپقەتلىك كېلۇر .



# ئامى لوۋېل

( ئامېرىكا )

## كۆز تۇمنى

ياچىۋەكمۇ ياكى ئېرەن ياپرىقى
سۇ ئۈستىگە ئاستا قونغىنى ؟

## ئاق تاش

سەن مۇز ، سەن ئوت ،
يۇمشاققىنا سىلاشلىرىڭ
كۆيدۈرىدۇ قوللىرىمنى مۇز كەبى .
سەن يالقۇن ، سەن سوغۇق نۇر ،
سەن گۈللەرنىڭ بىنەپشە رېڭى .
سەم نىگاھلار پەپىلەپ تۇرغان
ئاق چېچەكنىڭ كۆمۈش رەڭ چېھرى .
بولساملا گەر سەن بىلەن بىرگە
قەلبىم شۇئان ئايلىنار مۇزغا ،
يالىلدار ئۇ ئوتقاش نۇرىدا .

# پابلو نېرۇدا
( چىلى ، 1904 ـ 1973 )

## دېڭىز ساھىلىدىكى گۈل قەسىدىسى

قارا ئارال ياۋا گۈللىرى
بولدى ئېچىلىپ ،
يوقتۇر لېكىن ئۇلارنىڭ ئىسمى .
بەزىلىرى دەل قۇملۇقتىكى
ئاپىلسىننىڭ ئاپئاق چېچىكى ،
بەزىلىرى زەررەڭ يالقۇننىڭ
زېمىن ئۈزرە شوخ يېلىنجىشى .

شائىرمەن گۈزەل سەھەرنىڭ
ئۆتەر ئۆمرۈم
ئۇۋۇچىلاردەك دالىلار كېزىپ ،
كېچىلىرى ساھىل بويىدا
ئولتۇرىمەن گۈلخانلار يېقىپ .
باردۇر بۇندا پەقەت شۇ چېچەك .
جىمجىتلىقى بۇ كەڭ دېڭىزنىڭ .
بار ھەم سەنمۇ ،
سەبىيلىكتە ، شاد ـ خوراملىقتا
ئەتىرگۈلنىڭ چېھرىدۇر چېھرىڭ .

ھايات



ئۈندىمەكتە جەڭگاھقا مېنى ،
پۈكتۈم دىلغا گۈزەل بىر ئۈمىد ،
ئۇيىنتار ئۇ تومۇرلىرىمنى :
پەرزەنتىمەن ئىنسانىيەتنىڭ ،
بۇرچ ۋە مۇھەببەت
قانىتىمدۇر بىر جۈپ مېنىڭكى .

ساھىلدىكى خادا تاشلاردا
ھۇزۇرلاندىم ياۋا گۈللەردىن ،
غالىب كەلگەن
ئۇلار قىش ۋە ئۇنتۇلۇشلاردىن ،
كۈتمەكتە ئەنە
خۇش پۇراقلار چېچىشنى مەيىن ،
جىمىرلاشنى ئويناق ھەم يارقىن .
گۈلخان ، ئوتۇن ، ئورمان ۋە ساھىل ،
ئۇلار بىلەن خۇشلاشتىم يەنە ،
باسقىنىمدا لېكىن ھەر قەدەم
كۆڭلۈم شۇنچە بولماقتا غەمكىن .
شائىرىمەن گۈزەل سەھرانىڭ ،
شەھەرلەرگە بارغۇم يوق ئەسلا ،
سەھرا ئىدى مېنىڭ جەننىتىم .
ئۇچۇرماقتا لېكىن ئاھ ، مېنى
بۇرچ ۋە مۇھەببەت
بولۇپ بىر جۈپ قانىتىم .

# مسترال

( چىلى ، 1889 ــــ 1957 )

## تەگرى

### 1

خارلانسا ئەقىدەم ماڭا بۇ زېمىن ،
بىلىنەر رەھىمسىز ئۆگەي ئانىدەك .
ئېقىنلار تولغىنار ئەيلىشىپ پەرياد ،
بىمادار جىسمىنى چۇلغىغان تىترەك .
ھاياتنىڭ تولىمۇ گۈزەل بىر چېغى ،
چىمەلتەك باغلاشقان بىزدىكى تىلەك .
سۆيۈشسەك ھاياتى ئۇنتۇپ بىز تامام .
ئۈن - تىنسىز تىكىلىپ تۇراتتى تېرەك .
مۇھەببەت تېرەكنىڭ گۈلگۈن چېچىكى .
مەست ئىدى بەھرىدىن بىر جۈپ ياش يۈرەك !

چىرماشسۇن ، دىلىمنى ئەيلىسەڭ خازان ،
زەھەرلىك يىلاندەك ساڭا بۇ زېمىن .
پۈكۈلەر تىزلىرىم - خاراب نەۋرىلەر ،
كۆرمەس ھېچ راپاۋەت ، ئالالمايدۇ تىن
خىرىستوس دىلىمدىن بولىدۇ غايىب .
ھويلام بوسۇقىغا يولىما يېقىن .
سۆيمەسمەن ، سۆيگۈنى ئەيلىسەڭ خازان ،
مەيلى سەن ئېلىپ چىق ، زورلاپ ئىشىكتىن .



### 2

سۆيىسەن لېۋىڭنى جۈپلەپ لېۋىگە ،
بولۇپتۇ بىر گۈزەل بۈگۈن ساڭا يار .
ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ ئۆڭكۈر ئىچىدىن .
ئۈزۈلمەس پاراڭلار ئوتلۇق تىنىشلار .
توپىغا كۆمۈلگەن خىلۋەت ، چىغىر يول ،
تاپىنىڭ خۇش ھىدى ئاڭا يادىكار .
مەن ساڭا ئەگەشكەن كىيىك بالىسى
چاپىمەن ئارقاڭدىن كېزىپ ئورمانلار . . .

سەن سۆيگەن جانانىنى رەڭدار بۇلۇتلار
كۆرسىتەر تۈيغۇمنىڭ تېمىغا سىزىپ .
سۆيىسەن ئوغرىدەك ئەسەبىي تۇستە
ناتونۇش گۈزەلنى باغرىڭغا تېڭىپ .
سەزگەنسەن ھەر قېتىم كۆتۈرگەندە باش ،
تۇرغىنىم ئازابلىق ياشلىرىم تېمىپ .

### 3

سەن ماڭا ھەمسەپەر بولمىساڭ ، تەگرى
ساڭا نۇر - ئاپتۇپىن قىلمايدۇ تارتۇق ،
گەر سايەم چۈشمىسە ئىچەلمەيسەن سۇ ،
بولسىمۇ لەۋلىرىڭ چاڭقاق ھەم قۇرۇق .
ئۆتىدۇ ھەر كېچەڭ ئۇيقۇسىز - بىدار ،
مۇبادا چېچىمنى قىلمىساڭ ياستۇق .

## 4

ئاھىمنى تىڭلىماي كەتسەڭ ، مۇخ چېغى
تىنجىغان دەردلەرگە ئۇرىدۇ زەخمەك .
مەيلى سەن ئاياغ باس قايسى دىيارغا ،
يۈرىكىڭ بولسا چاك ، پەرۋايى پەلەك .
مەيلى باق قايسى ئەل گۈگۈملىرىغا ،
كۆرۈنەر قۇياشى قەلب يارامدەك .

مەيلى سەن چىللىغىن ئۆزگە بىر قىزنى ،
سۆيسەن يەنىلا مېنى ئامرىقىم .
مەن گويا قىرتاق سۇ بوغۇزۇڭدىكى ،
ئازابلاپ ۋۇجۇدۇڭ بەرمەيمەن تىنىم .
مەيلى سەن نەپرەتلەن ياكى سۆيۈنگىن ،
كۆڭلۈڭدە يەنىلا يادلىنار نامىم .

## 5

يىقىلساڭ يىراق بىر جايلاردا ناۋان ،
يۇممىغىن كۆزۈڭنى ، كۈتۈپ تۇر مېنى .
شۇ ئىللىق مېھرىبان ئالىقانلىرىڭغا
تۆكەيمەن ھەسرەتلىك كۆز ياشلىرىنى .
ياشلىرىم تىترەككە چۈلغىسۇن سېنى ،
بىلسەن شۇندىلا دەردلىك ئاھىمنى .
تۇرىمەن يېنىڭدا تۇزان بوپ جىسمىم
ياپقۇچە كېپەنلىك بولۇپ يۈزۈڭنى !



# ئۆلۈم سونېتلىرى

## 1

زۇلمەتلىك قەبرىگە ئەيلەنسەڭ دەپىن ،
مەن سېنى ئاچقاي قۇياشلىق يەرگە .
بىر كۈنى مەنمۇ ھەم يېنىڭغا تەيىن ،
بوپ يەنە ياستۇقداش ، ياشايمىز بىرگە .
مەن سېنى ئاچقاي قۇياشلىق يەرگە .
بالىغا ئىچكۆيەر ئاقدىل ئانىدەك .
تۇپراقلار تاشلانسا غۇبارسىز تەنگە .
ئەللەيلەر ئانا يەر ، ماموق پەر تۆشەك .
سېپىمەن ئۇستۈڭگە ئەتىرگۈل بەرگى ،
بىسېزىم تېنىڭگە چۈشمىسىكەن دەپ
ماناندىن شۇڭغىغان كۆكۈچ ئاي نۇرى .
ياشايمەن ياڭرىتىپ ساداقەت كۈيى .
يانىمەن رەشكتە ، كېلەرمىدۇ دەپ
قايسى بىر ھۆرلىقا سېنى كۆرگىلى .

## 2

ئازابلار قىنىدىن تاشقاندا ئېقىن ،
قىلىدۇ مۇراجەت روھىمغا جىسمىم :
راھەتكە قۇل بولۇپ كېتىۋەرمىگىن ،
شۇ گۈلگۈن يوللاردا ئالماي ھېچ تىنىم . . .
سەزگەنسەن تىكلەندى يېڭى بىر قەبرە ،

ياتىدۇ يېنىمدا ناتونۇش ئايال .
ئۈزىتار بىر كۈنى مېنىمۇ يەرگە ،
ئاشۇ چاغ ئارمانلار تاپىدۇ ۋىسال .
يېتىمەن تەكتىگە ئىگارىم شۇ تاپ ،
ياتساڭمۇ يىل بويى قاراڭغۇ گۆردە .
ۋۇجۇدۇڭ نە ئۈچۈن بولمىدى بىتاپ .
بۇ ئالەم كۆكىمۇ يارقىن نۇرانە .
كىم ئەھلى ساداقەت ، كىملەر بىۋاپا ،
يۇلتۇزلار بىزلەرگە بولۇر سودىيە .

## 3

ياش ئىدىڭ غۇبارسىز ، ئىلۇفەردەك پاك ،
قايسى كۈن يۇلتۇزۇڭ ساقىغان چېغى .
شاد ئىدىڭ ، جىسمىڭدىن ئۇرغۇيتتى ئىدراك ،
ئۇرۇلدى كۆكسۇڭگە ئۆلۈمنىڭ تىغى . . .
ئۇ كەتتى ، ئېيتقىنا ، ئېيتقىنا خۇدا ،
نۇرانە قەلبىن كىم چۈشىنىدىكىن ؟
رەھىمسىز ئەجەلدىن قۇتقۇز ئۇنى يا ،
شېرىن چۈش جامىگە غەرق ئەيلىگىن .
ئۇيقۇنلار ھاياتىن ئەيلىدى غەرق .
نە چارە ، دەرىغا ، ياشلىقى تېغى
ئېپ كەتسەڭ بولمامدۇ ئۇرمايلا بەرق .
ھاياتى تۈگىدى ، سۇندى قانات ـ پەر . . .
مۇھەببەت كۆيۈمى يوق دەمسەن مېنى ؟
شاھىتسەن ئىلاھىم ، ئۆزۈڭ جاۋاب بەر !



## غەمسىنىش ئۆيۈمغا كەلمەيدۇ زىنهار

سوغۇق ھەم مەنىسىز ئۇزۇن بۇ كېچە ،
ياتىدۇ تاغلاردىن تا دېڭىزغىچە .
مەن سېنى ئەللەيلەپ تۇرساملا مەيىن ،
غەمسىنىش ئۆيۈمغا كەلمەيدۇ زىنهار !

سوغۇق ھەم بىكۆرۈم ئاسمان گۈمبىزى ،
دولقۇنلار مەۋجىدىن يىتكەن ئاي نۇرى ،
مەن سېنى پەپىلەپ تۇرساملا جېنىم ،
غەمسىنىش ئۆيۈمغا كەلمەيدۇ زىنهار !

سوغۇق ھەم ۋاپاسىز بۇ كەڭرى دۇنيا ،
ئازابلىق دىللاردىن ياڭرايدۇ نىدا .
ۋە لېكىن مەن سېنى باغاش ئەتسەملا
غەمسىنىش ئۆيۈمغا كەلمەيدۇ زىنهار !

## غەمكىنلىك

خالىمايمەن ئاي ـ يۇزلۈك قىزىم .
ئۈچۈپ كەتمە قارلىغاچ بولۇپ .
مۇبادا سەن كەلمىسەڭ قايتىپ ،
قالمايمەنمۇ پىراققا تولۇپ .
پېشايۋانغا ياسساڭ ئۇۋا ،
كىم قويىدۇ چېچىكنى يۇيۇپ ؟
خالىمايمەن ئاپپىقىم ، قىزىم

ئۇچۇپ كەتمە قارلىغاچ بولۇپ .

خالىمايمەن بولغىنىڭدا چوڭ ،
بۈيۈك خانىش بولۇپ قالمىغىن .
چاپالمايسەن ئالتۇن كەش بىلەن
ئوتلاقلاردا قوزىدەك ئەركىن .
كېچىلەردە ياتمىساڭ بىللە
كۆڭلۈم قانداق تاپىدۇ ئىمىن . . .
خالىمايمەن ، ئاھ جېنىم قىزىم ،
زىنھار خانىش بولۇپ قالمىغىن .

خالىمايمەن كۈنلەرنىڭ بىرى
قالمىغايسەن ئايال شاھى بولۇپ .
ئورنۇالسا كىشىلەر تەختىڭ
بارالمەيمەن يېنىڭغا بۆسۇپ .
تەۋرىتىمەن كىمنى كېچىدە
سەن كۆزۈمدىن كەتسەڭ گەر ئۇچۇپ ؟
خالىمايمەن ئاھ جېنىم قىزىم
قالمىغايسەن ئايال شاھ بولۇپ .

## سەرسان يۈرگەن يەھۇدى قىزى

مەن گويا بىر چايكا ، پەرۋاز ئەيلىگەن
بورانلىق يامغۇرنىڭ كۆكسىنى يېرىپ .
بارىمەن ئىنتىزار ، مەغرىپ شاملى
بارالماس بىر جايىنى مەنزىلگاھ ئېتىپ .
تىڭلايمەن ، شۇندىمۇ يۈرىمەن ئالدىن ،



يول ئىزدەپ ئۆتىدۇ تۈنلىرىم بىدار !
ئالەمنىڭ قوينى كەڭ ، سىغمايمەن نېچۈك ؟
دەممۇ دەم ئالدىمغا دېڭىز تۇسلار .
ئىسسىق ئۆي ، پاك ئۇدۇم ، كۆڭۈللۈك هايات ،
قېپقالدى ھەممىسى يىراق دىياردا .
مەن ئۆسكەن قۇمۇشلۇق ، تېرەكلىك يوللار
گوياكى چۈشۈمدەك بىلىنەر ماڭا .
ياش تۆككەن بىر چاغلار ياليۇزنى ھىدلاپ ،
كەتتى ئۇ مىنۇتلار كۆزۈمدىن ئۇچۇپ .
قانلىرىم ئۇرغۇيدۇ ئىنتىزارلىقتا ،
تۇرىمەن چارىسىز ئېغىر خۇرسىنىپ .
شاھ ئىدىم ئۇ چاغلار ، هازىرقى « ئۆزۈم »
ئىلگىرىكى « ئۆزۈم » گە ئوخشىماس بىراق .
ئېسىمگە چۈشسىلا بالىلىق چېغىم ،
ئۆرتەيدۇ دىلىمنى ھەسرەت ، دەرد ــ پىراق .
ئاقىدۇ ئېقىنلار ئانا يۇرتىنىكى ،
ئاڭلانماس نامىم ھېچ شاۋقۇنلىرىدىن
مەن چىققان سەھرانىڭ ئېسىدىن تامام ،
ئۆچكەندەك ئىزقۇملار تۇرۇملىرىدىن .
نىشانىم ماياكسىز ، يوللىرىم تايغاق ،
تۆلەيمەن قەدەمدە ساناقسىز بەدەل .
بىنالار ۋەيرانە ، دەرەخلەر خازان ،
يۇرتۇمدا ھۆكۈمران ھەسرەت بۇ مەھەل .
ۋۇجۇدۇم بىمادار ، قوللىرىم بىكار ،
ئىشكىلى شاراب يوق ، يېگىلى بولكا .
كۆپۈككە ئايلاندى شېرىن تىلەكلەر

ئاھ دېگىنىز ئاچ ، كېتەي ، باغرىڭنى ماڭا !

## سىم- سىم يامغۇر ياغار توختىماي

دىللارنى ئەزگۈچى يامغۇر تامچىسى
تاراملاپ تۆكۈلدى زېمىنغا بىخۇش .
كۆكتىكى چېغىدا كېسەل بوۋاقتەك ،
بۇلۇتلار قوينىدا ياتقانتى بىھۇش .

دەرەخلەر تەۋرىنەر غۇر ـ غۇر شامالدا ،
ئەتراپتا ھۆكۈمران جىمجىت سۈكۈنات .
تاراملاپ تۆكۈلگەن مىسكىن تامچىلار ،
ھەسرەتلىك تولغىنىپ قىلماقتا پەرياد .

مىسىلسىز يۇرەكتۇر ئاسمان گۈمبىزى ،
ئازابلار ئۇقچۇيدۇ سوقۇشلىرىدا .
ياغقىنى يامغۇر ئەمەس ، قاندۇر تامام ،
نالىلەر مۇجەسسەم تامچىشلىرىدا .

ياسىداق ئۆيلەردە ياتقان كىشىلەر ،
بىلمەيدۇ مۇنچىلىك غېرىبسىنىشنى .
بىلەمسەن ، ئەرشتىن تەگرىدىن چۈشكەن ،
بۇ سوغۇق بىچارە ئازاب تامچىسى .

تامچىيدۇ زېمىنغا خالار ـ خالىماي ،
ئۇ گويا يۇلۇنۇپ تاشلانغان بىر پەر .
ئۇ گويا خارلىنىپ پۈكۈلگەن ۋۇجۇد ،
ئۇ ھارغىن ، ناتىۋان روھسىز شۇ قەدەر .



يامغۇر قۇيۇلماقتا ئاچ بۆرىلەردەك . . .
ئېگىز قىياغا كېچە ھۆكۈمران .
ئۇشبۇ دەم زېمىننىڭ چوڭقۇر تەكتىدە
قانداق خىياللار سۈرەركىن دەۋران ؟

شارقىراپ قۇيۇلار يامغۇر سۇلىرى ،
ساداسىز ئۆچكەيمۇ ئۇنىڭ نالىسى ؟
روھىڭلار خۇش بولغاي ئاچا ـ سىڭىللار ،
سىلەر تەگرىنىڭ كۆڭۈل پارىسى .

## ئۈچ تۈپ دەرەخ

ئۈچ تۈپ دەرەخنىڭ قالدۇق كۆتىكى
چىغىر يول بويىدا ياتار تاشلىنىپ .
ئۇنتۇلغان ئۈچ دەرەخ ـ ئۈچ ئەما يىگىت
ئولتۇرغان جەم بولۇپ ، خۇش پاراڭلىشىپ .

كەچكى قۇياشنىڭ ئاداققى نۇرى
چۈلغىدى ئۇلارنى قاننىڭ رەڭگىگە .
جاراھەت ئاغزىدىن تارالسا خۇشبۇي ،
شامالLار ئېلىپ كېتەر يىراق يەرلەرگە !

تولغىماچ شاخلىرى ، ھەمراھلىرىغا
تىترەڭگۈ قوللىرىنى تۇرىدۇ سوزۇپ .
بىر جۈپ كۆز مىسالى ئىككى جاراھەت
ياش تۆكەر ھەسرەتتە ئاڭا قايغۇرۇپ .

تاشلاندۇق ئاھ ئۇلار ، گۇگۇم پەيتى بۇ .
خالايمەن بولۇشنى دوستى بىباھا .
مەلھەمگە ئوخشىغان يۇمشاق دېۋىرقاي
ياقىدۇ تېنىمگە ھارارەت ـ لاۋا .
ۋە لېكىن سۇبھەدەم قالىمىز تىنجىپ ،
كۆگۈللەر ھىجراندا سالغۇن ، بىناۋا .



# ئوكتاۋىئو پاز

( مېكسىكا ، 1914 ــ )

## ئىككى تەن

يۈزمۇ يۈز قارىشىپ تۇرغان ئىككى تەن
بەزەن چاغدا تۈن دېڭىزنىڭ
ئىككى دولقۇنىغا قالىدۇ ئوخشاپ

يۈزمۇ يۈز قارىشىپ تۇرغان ئىككى تەن
بەزەن چاغدا تۈن چۆلىدىكى
ئىككى تاشقا قالىدۇ ئوخشاپ

يۈزمۇ يۈز قارىشىپ تۇرغان ئىككى تەن
بەزىدە تۈن چوڭقۇرلۇقىدا
چىرماشقان ئىككى يىلتىزغا قالىدۇ ئوخشاپ

يۈزمۇ يۈز قارىشىپ تۇرغان ئىككى تەن
بەزەن تۈندە چاقنان چېقىندەك
ئىككى تىغقا قالىدۇ ئوخشاپ

يۈزمۇ يۈز قارىشىپ تۇرغان ئىككى تەن
چەكسىز كۆكتىن ئۈزۈلۈپ چۈشكەن
ئىككى يۇلتۇزغا قالىدۇ ئوخشاپ

## سىنىڭ كۆزلىرىڭ

چېقىن ۋە ياش ماكانىدۇر سىنىڭ كۆزلىرىڭ ،
سۆزمەن — ناتىق جىمجىتلىقتۇر سىنىڭ كۆزلىرىڭ ،
شامىلى يوق قارا بوران ، دولقۇنسىز دېڭىز ،
تۇتقۇن بۇلبۇل ، ئۇخلاپ قالغان چوغسىمان يىلپىز ،
سوغۇق توپاز ، ھەقىقەتتۇر سىنىڭ كۆزلىرىڭ .
كۆزدۇر ئورمان بوزلۇقىدا ، ئۇ يەردە ئاپتاپ
تۇرار دەرەخ شاخلىرىدا ناخشىلار توۋلاپ ،
قۇشتۇر تامام يوپۇرماقلار ، يۇرىدۇ سايراپ .
سۇبھىدىكى ئۇز ساھىلدۇر سىنىڭ كۆزلىرىڭ ،
سۇزۇك ، تازا مېۋىلەرگە تولغان سېۋەتتۇر ،
مەنىگە باي بىمەنە سۆز سىنىڭ كۆزلىرىڭ ،
پانىي دۇنيا تاش ئەينىكى ، باقىي ئىشكى ،
چاشكىدىكى تىنجىپ قالغان دېڭىز دولقۇنى ،
جۇلالانغان ، چاراقلىغان جىمى نۇرلاردۇر ،
سوۋۇپ كەتكەن جەزىرىدۇر سىنىڭ كۆزلىرىڭ .

## ھەرىكەت

سەن گوياكى جەرەن ئات بولساڭ
مەن قانلارغا تولغان ئۆتەڭ يول
سەن تۇنجى رەت ياغقان قار بولساڭ
مەن سەھەرنى تۇتاشتۇرغان قول
سەن تۇندىكى بىر مۇنار بولساڭ
مەن چېھرىڭدە يېلىنجىغان مىخ



سەن سەھەرنىڭ تاشقىنى بولساڭ
مەن تۇنجى قۇش سايرىغان دەردلىك
سەن سېۋەتتىكى ماندارىن بولساڭ
مەن قۇياشنىڭ تىغى ، خەنجىرى
سەن تاشلارغا سەجدىگاھ بولساڭ
مەن ھېيلىمەن سۆككەن تەگرىنى
سەن پايانسىز بىر تۈزلەڭ بولساڭ
مەن ياپپېشىل شېكەر قۇمۇشى
سەن شامالنىڭ بالقىشى بولساڭ
مەن كۆمۈلگەن ئوتنىڭ يالقۇنى
سەن زىلالغا ئويماق لەۋ بولساڭ
مەن مۇخلارنىڭ تەشنا لەۋلىرى
سەن بۇلۇتلار ئورمنى بولساڭ
مەن ئورماننى تارمار ئەتكۈچى
سەن خارابە بىر قەلئە بولساڭ
مەن يامغۇرمەن يۇغان تېنىڭنى
سەن سىرىق تاغ بولساڭ مەن گويا
يەڭلىرىدىن چەكسىز تۇپراقنىڭ
چىقىپ تۇرغان قىزغۇچ بىلىكى
سەن يېڭىلا چىققان كۆن بولساڭ
مەن قانلارغا تولغان ئۆتەڭ يول .

## قىز

**— لائۇرا ئالەيناغا بېغىشلايمەن**

تىلغا ئالساڭ دەرەخنى ، ئەي قىز ،
ئۆسەر دەرەخ ، بولۇر باراقسان ،
جۇلالىنار يېشىل دولقۇنلار .
داۋالغۇشقا تولىدۇ ئاسمان ،
ھەتتا بىزنىڭ كۆزىمىزدىمۇ
يېشىل نۇرلار قىلىدۇ جەۋلان .

تىلغا ئالساڭ ئاسماننى ، ئەي قىز ،
كۆپكۆك ئاسمان ، ئاپئاق بۇلۇتلار ،
تاڭ ، ئۇيقۇدا ئويغانغان نۇرلار ،
سىڭىپ كىرەر قوينۇڭغا سېنىڭ ،
قوينۇڭ شۇئان كۆككە ئايلىنار ،
بولۇر ھەمدە كۆكتەك بىغۇبار .

تىلغا ئالساڭ بۇلاقنى ، ئەي قىز ،
نەلەردىندۇ ئۇقچۇپ چىقار سۇ ،
ئۇسسۇزلۇقتا قانار مۇنبەت يەر ،
بەرق ئۇرار گۈل ۋە چېچەكلەر .
ياپراقلاردا چاقنار شەبنەملەر ،
بىزمۇ ھەتتا تۇمان ئىچىدە
قېپقالىمىز ، بولىمىز ئەسىر .



بەس ، بولدى قىل ، سۆزلىمە ئەي قىز ،
مۇزىكىنىڭ لەرزان قوينىدا
تاپار تۇرمۇش جىملىقتىن تۇغۇم ؛
ئالتۇن رەڭلىك ئۇپقۇنلار مېنى
ئېلىپ چىقار ئەۋجىگە چوقۇم ،
ئەسلىمىزگە قايتۇرار يەنە ،
بولۇر بىزگە ئېزىنقىش ئۇدۇم .

مېنى سۆيگەن ، تىرىلدۇرگەن قىز !
دولقۇنلۇق ، شاش ، مەڭگۈلۈك دېڭىز !

### شائىرنىڭ قەبرە تەزكىرىسى

ئۇ كۈي كۈيلەيدۇ ئۇنتۇپ كەتكىلى
ھەقىقىي ، چىن ھايات ساقتىلىقىنى .
ئۇ كۈي كۈيلەيدۇ ئەستە تۇتقىلى
ساختىپەز ھاياتنىڭ چىنلىقلىرىنى .

### ياز تۈنى

ياز ، دەريادا يۇيۇنماقتىسەن ،
سىلىغانچە كېچە تېنىنى .
يۇلتۇزلارنى ئۆچۈرمەكتىسەن ،
سەن ئانا يەر تىنغان تىنىقى .

سەن بىر ئېغىر ، يەردۇر لەۋلىرىڭ ،
دوزاخ ئۇندا ياتار سەكراتتا ،

ياغار يامغۇر ، كۈيلەر ئېقىنلار ،
بىھىش پەيدا لەۋلىرىڭ ئارا .

تۈن دەرىخى كۆيمەكتە راسا ،
ئۈچقۇنلىرى يارقىن يۇلتۇزلار ،
ئوتلۇق كۆزلەر ، شۇڭغۇغان قۇشلار .
چۈش سەيلىدەك ئاقماقتا دەريا ،
سۆيەر زۇلمەت تۈن ساھىلىنى
لەۋلىرىنى سوزۇپ دولقۇنلار .

بار مەۋجۇدات ئالماقتا نەپەس ،
ياشىماقتا ، ئاقماقتا ئەركىن ،
نۇرلار جەۋلان ،
كۆزلەر بىتىنىم ،
يۈرەكلەردە شوخشىغان رىتىم ،
تۈن يېپىلار چەكسىز ، بىپىچىم .

پايانى يوق زۇلمەت بىر دۇنيا ،
ياز تۈنىدە چىقاردى قانات ،
شۇئان سىنىڭ قارىچۇقلىرىڭدا ،
پەيدا بولدى چەكسىز كائىنات .



## تاش بىلەن گۈل ئارىلىقىدا

— تېئاۋدورو سېسامانگە بېغىشلايمەن

### 1

تاڭ سەھەر تاشلارغا قالىمىز ئوخشاپ .

نۇردۇر ، پەقەت ئەكس نۇرلاردۇر
نۇرنىڭ نۇرلىرى .

زېمىن :
تاغۇ تاشتىن پۈتۈلگەن ئالىقان .

سۇلار
ھاك قەبرىلەردىن سىرغىيدۇ ئۈنسىز ،
ئاھ ، مەھبۇس سۇلار ،
تەۋەززۇلۇق ، نەملەشكەن تىللار
سۆزلىمەيدۇ ، تىلسىز – زۇۋانسىز .

نەپەس ئېلىپ تىنماقتا زېمىن .
ئۈچتى قۇشلار ، پەر قاقتى تۇپراق .
ئۇيۇق سۆيۈپ ياتقان بۇلۇتلار
ئاق شايىدەك يارقىن ۋە ئاپئاق .

تېخى قورۇق چۈشمىگەن تۈزلەك .

ئاۋاگىنىڭ كۆك سترېلكىسى
زېمىن بوشلۇقىنى بۆلۈۋەتتى تەڭ .
ئاسمان چەكسىز ، كەڭرى ، شۇنچە كەڭ .

## 2

قانداق تۇپراق بۇ ؟
قانداق ۋەھشىيلىك – زوراۋانلىق بۇ
تىرەن قاتلاملاردىن كۆتۈرگەن قورساق ؟
قانداق سوغۇق ئوتلارنىڭ
جاھىللىقى بۇ
يىللار ئۆتۈپ ئوغرى تىكەندەك
قېتىپ كەتكەن شۆلگەيگە ئوخشاش
بولۇپ قالغان ئۇچلۇق ، سانچىلغان ؟

قۇياش ۋە سۇ
ئەنت تۇغلىرىنى تىكلىمەس چاغدا
مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن ئانا يۇرت
تۇغۇلماستا تۇخۇم ۋە ئۆلۈم
يارىلىشقا بەرگەنىدى قۇت .
ئۆسمەكتە ئۆسۈملۈكلەر تۈزلەڭلىكتە ،
قوشۇنىنىڭ پايانسىز جىرىملىكىدە .
قوزغالماس قوشۇن
قاقلىنىپ ياتىدۇ ئاپتاپقا – كۈنگە .

ئۈچ بۇرجەك غولىدىن چىقارغان ياپراق
ئاگاۋا ، زۇمرەت ھەم مەغرۇر ئاگاۋا .



قورالنىڭ بارىنى ئاسقان ئۆسۈملۈك —
بۇلاقنىڭ كۆزىدىن ئوقچىغان سۇدەك ،
قىلىچنىڭ بىسىدەك ئۆتكۈر ئاگاۋا .

قۇملۇقلارنىڭ ئۇسسۇزلۇقلىرى
ئۆرلەر ئۇنىڭ تالاسىن بويلاپ .
شىرنىلىرى يەرنىڭ كۆكسىدىن
ئۈنەر ، ئەمما راسا باغجانلاپ
ئۆسۈش پەيتى قالىدۇ توختاپ :
ئۆچمەنلىكنىڭ تاج پەيلىرىگە ،
يېشىل چوققىلارغا قالىدۇ ئوخشاپ .
تۇرقىنىلا كۆرسەڭ پەقەت ،
كۆرەلمەيسەن كەتكىنىن ئۇساپ .
ئاگاۋا ، قايىلدۇر ھەممە ئۇنىڭغا :
ۋەھشىيلىكى شۇنچە رايىشتۇر ،
مۇتاناسىپ رايىشلىقىغا .

ئۇنىڭ ئىچكەن ئوتلۇق شارابى
يارالغاندۇر ئۇسسۇزلۇقىدىن .
دىستىللياتور ئۇ گويا ، بىراق
دىستىللىشى ئاشماس ئۆزىدىن .

تايىگىرمە بەش يىلدىن سوڭرە
باھار چوغ رەڭ بىر تاللا پورەك .
جىنسىي ئەزا تىكلەيدۇ ئاگا
تاشقا ئايلانغان يالقۇنىدىن تىرەك .
شۇئان ئۆلۈمى ئاچىدۇ چېچەك .

## 3

تاش ۋە گۈلنىڭ ئارىسىدا ، ئادەم :
باشلار بىزنى ئۆلۈمگە تۇغۇم ،
باشلار بىزنى تۇغۇمغا ئۆلۈم .

ئادەم ،
يۇيار تىنىماي تاشلارنى يامغۇر ،
يالقۇن ئىچىدە ئاقىدۇ ئەنھار ،
بورانلىق يامغۇرنى يەڭگەن چېچەكلەر ،
چېقىندەك يالت قىلىپ يوقالغان قۇشلار :
ئادەملەردۇر يۈرىكى ، تېنىدۇر ئۇلار .

ئاگاۋا —
ئوغۇزرەك ، قوڭۇر يەردىكى
گېئومېترىيىنىڭ زەنگەر دەرسىدۇر .
يېزا ئىگىلىك ، سانائەت ، سودا ھەممە تىل .
باراقسان زىرائەت ، بىر خىل تالادۇر ،
سىمۋول ھەم بىر خىل بىرژادىكى يول .

ئىنسانىيەتنىڭ قىممەتلىك ۋاقتى ،
مىڭ جاپادا يىغقان ۋاقتىدۇر ،
بۇزۇپ ئىسراپ قىلغان ۋاقتىدۇر .

ئۇسسۇزلۇق ۋە ئۆسۈملۈك ،
ئۆسۈملۈك ۋە ئادىمىزات ،
ئادەم ، ئۇنىڭ مېھنەت ۋە ئۆمرى .



ئەلمىساقتىن ھازىرغا قەدەر
تىنمى يوق مەخلۇقات كەبى
باستىڭ يوللارنى تەكرار ۋە تەكرار :
يىللار ساڭا بىر كۈن بىلىنەر ،
باسقان ھەربىر قەدەملىرىڭگە
قويۇلىدۇ تىنىش بەلگىلەر ؛
ئەمەسسەن بانكىر يا داھىيغا سائەت :
ساڭا باشتۇر نۇرانە قۇياش ،
ھەر بىر كۈنۈڭ مېھنەتتە ئۆتەر ،
سۆيۈنچەڭدۇر ئاققان كۈمۈش تەر ،
كۈمۈش تەرلەر — سۈزۈك شەبنەملەر
ھەسرەتلىرىڭ ئىللىق قوينىدا
ئايلىنىدۇ تاجغا ، تاڭ — سەھەر .
ۋېرونكانىڭ ئاق سۇرۇپىدە
بولمىسىمۇ چېھرىڭدىن ئەسەر ،
يات بولسىمۇ ، ساڭا تۆرىلەر
سىزىلغان شۇ تەشۋىق رەسىملەر .
چېھرىڭ سېنىڭ بەئەينى قۇياش
خوراپ كەتكەن تەڭگىدىن بەتتەر ،
چېھرىڭ سېنىڭ كائىنات ئۆزرە
شۇنچە غۇۋا كۆرۈنگەن پەيكەر ؛
ئۆزگىلەرگە ئوخشىماس سۆزۈڭ ،
تاشلىغانچە ھەركىم خاس نەزەر ،
سەن توغرۇلۇق سۆزلىشەر ، ھەممە
نامىڭ بىلەن قەسەم ئىچىشەر ،
ھىماتچىڭدۇر كېلىچەكتىكى ،

قۇرۇق، قاقشال ۋەسىيەتلىرىڭ
ئىجراچىسى ئاشۇ كىشىلەر:
سۆزلىرىڭدۇر نەۋقىران يىلتىز،
سۆزلىرىڭدۇر روھىي سىستېما
يەر تېگىدە پىنھان تەۋرىنەر،
ئىراق تىلىڭ (يېلىڭ ئاياغ ھەم
پۇت ئۇچىدا دەسسەپ يول يۈرەر)
سۈكۈت بىلەن سۈكۈتكە تىبەر؛
چىدام بىلەن ياشايسەن قۇشتەك
خۇشسەن كۆمەچ يېسەڭمۇ مەگەر؛
يول يۈرسەن، ئىزلىرىڭ يامغۇر
ناۋان ـ ناۋان سىمىلداپ چۈشكەن،
چېكىم ـ چېكىم كەشتىلىنەر يەر؛
ئاھۇ كەبى پاكسەن، مەسۇمسەن
جۆن بولسىمۇ ئېگىنلىرىڭ گەر؛
ياماق چۈشكەن كۆڭلىكىڭ، شىمىڭ
ئاق بولۇتتىنمۇ يارقىن، بىزەرەر؛
ماھىشاراب ئىچىپ مەست بولدۇڭ،
بامبۇك كەبى ئۆستۈڭ ئالدىراپ،
ھەم بامبۇكتەك كۆيۈپ كۈل بولۇپ
يەرنى سۆيدۈڭ، دېدىڭ جان پەدەر؛
پەسىللەردىن قىيالمايسەن كۆز،
سەجدىگاھقا بارىسەن كۈندە،
يەنە قايتىپ كېلىسەن ئۆيگە،
ئىزلىرىڭدا ئۇيۇغان قانلار،
ئىراق سېنىڭ قولۇڭدىكى شام



ياشلىرىدا سېنى كۆيدۈرەر؛
ئەدەبلىكسەن، رايىش ـ مۇلايىم
كۆرسىتىسەن تەقۋادارلاردەك
ئۆزۈڭنى ساپ، ئادالەتپەرۋەر،
تاش بوراندا كەتسۇن يەنچىلىپ
يالغانچىلار، شەھۋەتپەرەسلەر؛
خانىمىڭنى
سەگەنچۈككە ياتقۇزۇپ قويۇپ
پەسكويىلارغا قىلىسەن سەپەر؛
ئون ئىككىدە
توختىتىسەن ئىش ۋە سۆزۈڭنى،
ئاڭلىغىلى تەكرار ۋە تەكرار
مۇزىكىدەك يارقىن سادانى
قوڭغۇراقلار قانات قېقىشىپ
قۇشلارغا دەمدىن بېرىدۇ خەۋەر،
چۈجىلىرىڭ، قوزاڭ، قىزىڭغا
مېھرىبانسەن، ئامراق شۇ قەدەر؛
تەڭرىڭ ــ باشاق، تالاي تەڭرىنىڭ
دانلىرىدىن تاپقان مۇجەسسەم،
ساڭا قۇرداش قەدىم ئانا يەر؛
پەخرىڭ سېنىڭ بىر ئاشۇ كۇركە
قۇربانلىقىڭ بولۇر بىر كۈنلەر؛
زە چېچەكلەر تۆكتۈڭ يامغۇردەك،
چۈشتى قۇياش، ئاقتى تامچىلاپ
ئۆلۈكلىرىڭ قەبرىسىگە زەر.
ئەمما سېنى ھەرىكەتكە سالغان

زۇلمەت تۈننىڭ رىتىمى ئەمەس ،
تۇغۇلۇشى ئۇ ھەر ناھارنىڭ
ھەم ھەر تۈننىڭ ئۆلۈمدۇر بەس .

## 4

پۇل ۋە ئۇنىڭ چاقى ، گەردىشى ،
پۇل ۋە ئۇنىڭ قاقشال رەقىبى ،
پۇل ۋە ئۇنىڭ بىر توپ ئەرۋاھى .

پۇل گوياكى
ھەشەمەتلىك جۇغراپىيىدۇر :
پۇل ئالتۇن ۋە مىسنىڭ چوققىسى ،
پۇل كۈمۈش ۋە نىكىل دەرياسى ،
گۆھەر دەرەخ ، قەغەز پۇللارنىڭ
خازان بولغان يوپۇرماقلىرى .

مىكروپسىزدۇر بېغى ـ گۈلزارى ،
ئاللىبۇرۇن مۇزنىڭ تەكتىدە
قالغان مەڭگۈ ئۆچمەس باھارى ،
غۇنچە ھەمدە تەمسىز گۆھەر ئۇ ،
ستولبىنى بويلار قۇشلىرى ،
قوغلاپ سائەت سترېلكىسىنى
ئايلىنىدۇ ئۇنىڭ ھەر پەسلى .

تەڭگىلىلەرگە ئايلانماقتا يەر ،
سان ـ سىفىرغا ئالتۇن تەڭگىلەر ،
ۋاقىتلارنى يەيدۇ سان ـ سىفىر ،



ئىنسانلارنى يەيدۇ ۋاقىتلار ،
ۋاقىتلارنى يەيدۇ تەڭگىلەر .

پۇل چۈشىگەن چۈشسىز چۈش ئۆلۈم .
پۇل سورىماس سېنىڭ كىملىكىڭ ،
« نەچچە » دېگەنگىلا بولىدۇ جاۋاب .
پۇل بولماسلىق ئىزگۈ ئىش ئەمەس ،
پۇلنى كۆپىنىڭ كۈنى تېخى تەس .

ساناشنىلا بىلىدۇ زىنھار ،
بىلمەس غەزەل ـ ناخشا تۇۋۇلاشنى .

ساتقىلى بولمايدۇ ، ئالغىلىمۇ ھەم
شادلىق بىلەن ھەسرەت ۋە ئەلەم .
ئېھرام پۇلنى ئېتىدۇ تەرك ،
مەبۇد پۇلنى ئېتىدۇ تەرك ،
پىرىخۇن پۇلنى ئېتىدۇ تەرك ،
ئادەم ئاتا ، ھاۋا ئانىمىز ،
ئەسلى زاتىمىز ئېتىدۇ تەرك .

ساۋاتسىزلىق بىر خىل ئىلىمدۇر
پۇل ، مال ـ مۈلۈك چۈشەنمەيدىغان .

ھەممە ئۇچۇق پۇل بىلەن ساڭا ،
ئايرىلىسەن دوستلاردىن ئەمما .

پۇل گوياكى بۈيۈك سېھىرگەر ،
قوللىرىغا نېمىلا تەگسە

شۇئان غايىب، كۆزلەردىن يۇتەر:
يوق قىلىدۇ قان ۋە تەرىڭنى،
ئېتىقادىڭ، كۆز ياشلىرىڭنى.
يوق قىلىدۇ ئادەملىرىڭنى.

باش قوشۇشۇپ قىلدۇق ئىختىرا
پۇل ـ دۇنيانىڭ ئېسىل قەسرىنى:
ئالەمشۇمۇل، مۇقەددەس نۆلنى.

پۇل جىنايەت، ئەمەس نەتىجە.
پۇل ئۆمچۈكتۇر، ئادەملەر چىۋىن:
مېھنەت بىلەن كۆنلىرىمىز شاد.
مېھنەت بىلەن پەيدا مۆجىزات،
پۇلپەرەسنىڭ دەستىدىن بەربات.
مېھنەتلىك ئۆي قوۋناق ۋە ئاۋات.
يوقتۇر پۇلنىڭ تېنى، چىرايى،
يوقتۇر روھى، ھەممە ئاڭا يات.
پۇل شورايدۇ دۇنيا قېنىنى،
يەيدۇ ھەمدە ئادەم بېشىنى.
كۆن، ئاي، يىللار پەلەمپىيىدە
كۆرەلمەيمىز ھېچكىم ھېچكىمنى.
ئۆلۈمىڭ جەبرائىلغا بولدى ئابىدە.



# بورگېس

( ئارگېنتىنا، 1899 ــ )

## شېئىر سەنئىتى

ئويلايمەن بىھۇدە ئۆتكەن چاغلارنى
مۇگلىنىپ ئاققان شۇ ئېقىنغا قاراپ.
ھاياتتۇر گوياكى شۇ پىنھان ئېقىن،
دوستلىرىم ــ ئاققان سۇ ئۇندا شىرىلداپ.

چۈش ئىچرە ئويغىنار گۈزەل تاڭ سەھەر
ۋە يەنە پاتىدۇ چۈشسىز ئۇيقۇغا.
تىمتاسلىق قوينىغا پاتقان ھەر كېچە
قورقۇنچ سالىدۇ جىمى جانلىققا.

ئاي، يىللار پەقەتلا ئىرۇر سىمۋول
ھاياتلىق ئېقىنى، دەۋر ھۆسنىگە.
ئايلىنار بىر كۈنى خارابىلەرمۇ
بەلگىگە،* پىچىرلاش ھەم گۈزەل كۈيگە.

ئۆلۈمدۇر پەقەتلا مەڭگۈلۈك ئۇيقۇ،
قېرىلىق دېمەككى خۇنۇكلەشكەن زەر.
مانا بۇ شېئىردۇر، ئۆلمەس، سادا شېئىر.
ئۇنىڭغا مۇجەسسەم گۈگۈم ۋە سەھەر.

گۇگۇم سىنئەيىنكى ئىچرە بىر جۇپ كۆز
دەممۇ دەم قارايدۇ بىزگە سىلىپ زەن .
ئەيلەيدۇ شېئىر گويا شۇ تولۇن ئايدەك
ئادەملەر چېھرى ۋە قەلبىنى روشەن .

ئودىسسا ①زىرىكىپ ئەپسانىلەردىن ،
ئىتاكا ②ئىشقىدا كۆيگەن يۈرىكى .
شېئىر ھەرگىز ئاجايىپ مۆجىزە ئەمەس ،
گۈللەنگەي ئۇ گويا شۇ شاھلىق كەبى .

شېئىر مەڭگۇ توختىماس سۇزۇك بىر ئېقىن ،
توختاشنى ئىستەيدۇ ، توختىماس لېكىن .
ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ ھىراكلىت كەبى ،
دولقۇنى خىلمۇ خىل كېلۇر ئۇنىڭكى
بولسىمۇ گەرچە ئۇ پەقەت بىر ئېقىن .

① گرېك ئەپسانىلىرىدىكى بىر پادىشاھ .
② ئودىسسانىڭ يۇرتى .



# خوسې مارتى

( كۇبا ، 1853 ـ 1895 )

## مېنىڭ چەۋەندىزىم

ھەر سەھەر
تاتلىق ـ تاتلىق سۆيۈپ بوتلىقىم
ئويغۇتىدۇ ئۇيقۇدىن مېنى .
ئاندىن مىنەر مېنى ئات قىلىپ ،
يۇگەن قىلىپ تۇتار چېچىمنى .
قىن ـ قىنىغا پاتماي قالار ئۇ ،
خۇشاللىقلار چۇلغار مېنىمۇ .
دېۋىتەر ئۇ پۇتلىرى بىلەن ،
نېمىدېگەن يۇمشاق پۇتلار بۇ !
ئېھ جىگىرىم ، ئوماق چەۋەنداز ،
ۋىلىق ـ ۋىلىق كۈلۈپ كېتىدۇ !
دېۋىتەر ئۇ ، لېكىن مەن ئۇنىڭ
پۇتلىرىغا سۆيۈپ قويىمەن .
سۆيۈۋالاي دەيمەنۇ بىرلا ،
سۆيۈپ ـ سۆيۈپ قانماي كېتىمەن !

## ساددا شېئىرلار

كۆرگىنىڭدە شوخ دولقۇنلارنى
بىلگىن ئۇنى مىسرالىرىم دەپ .
ئۇ ئوخشايدۇ ئېگىز بىر تاغقا ،
يا يەلپۈگۈچ تۇرغان لەپىلدەپ .

مىسرالىرىم گوياكى خەنجەر ،
يانار دەستى شوخ جىلۋىلىنىپ .
مىسرالىرىم گوياكى فونتان ،
دۇردانىلەر تۇرار چېچىلىپ .

ئۇ بەزىدە زۇمرەتتەك كۆپكۆك ،
بەزەن چاغدا قىپقىزىل چوغدەك .
ئۇ بەزىدە ياردار ئاھۇ
پاناھ ئىزدەپ چاپقان شامالدەك .

پالۋانلارنى شاد ئەيلەر شېئىرىم ،
ھەر مىسراسى پاك ھەم سەممىي .
مىسران قىلىچ ئۆتكۈر تىغىغا
پۈتۈلگەندۇر ئۇنىڭكى روھى .



※

مەيلى سانچى يۈرىكىمگە سەن ،
قىلىچىڭدىن قورقۇش ماڭا يات .
بىلگىن ، قىلۇر ھەربىر مىسرايىم
ئۆتكۈرلۈكتە قىلىچىڭنى مات !

دېگىنىز قۇرۇپ ، ئۆچسىمۇ قۇياش
ئازابىدىن قورقۇش ماڭا يات .
شېئىر مەنچۇن تاتلىق تەسەللى ،
ئازاب ئاڭا بېرىدۇ قانات !

# ر . ب . رىۋاس

( ۋېنېسۇئېلا ، 1917 ـ )

## سۆيىمەن سېنى ھايات

سۆيىمەن ئېي قايناق ھايات مەن سېنى ،
سۆيىمەن خەتەرلىك ھەربىر يولۇڭنى .
سەن شۇنچە زوراۋان ، شۇنچە مۇرەككەپ ،
زىددىيەت ، ھاقارەت قۇچقان بويۇڭنى .
سەندە يوق پەخىرلىك تۇيغۇدىن ئەسەر ،
چۈنكى شۇم ، قورقۇنچاق ، يۈرىكى لەھەت
ۋە ئالىپ ، مەردانە ، نەسەبى ئېسىل
ئوخشاشلا سېنىڭدىن ئالىدۇ لەززەت .
« ياشىساڭ باتۇرلۇق بىلەن ياشىغىن ،
بولمىسا ياشىما ! قالغىنى بىكار . »
ئاڭلىنار كىشىگە بەكمۇ ئاجايىپ
رەھىمسىز ، سۈرلۈك ھەم ئاسىي بۇ شوئار .

سۆيىمەن ۋە لېكىن ھايات مەن سېنى !
مەيلى دەرد ، ھەسرەتتىن كۆيسىمۇ يۈرەك .
چۈش كەبى شۇ شېرىن باللىقىمدا
سەن ئىدىڭ چىرايلىق ، رەڭدار كېپىنەك ،
سەن ئىدىڭ ئاق بۇلۇت ، يامغۇر تامچىسى ،
سەن ئىدىڭ تولۇن ئاي ، جىلۋىدار شەپەق .



يىگىتلىك چېغىممۇ سۆيدۈم ھەم سېنى ،
سەن گويا بوپ قالدىڭ سۆيگەن يايرىمدەك .
كېيىن ھەم قىز بىلەن گۈللەر بەرگىدىن
كۆردۈمكى ، سەن ئۈچۈن مۇھەببىتىم زور ،
ئۇ شۇنچە لەزىزدۇر گۈلگۈن شارابتەك .
سەن قايناق ، تىنىمسىز ھەمدە مەردانە ،
سەن ئۈچۈن ئەبەدىي سوقىدۇ يۈرەك .

ئۈمىدىم يەلكىنى يىرتىلدى بۈگۈن ،
رەھىمسىز دولقۇنلار چايقىتار مېنى .
ئىقبالىم قاراڭغۇ ، ھۇۋۇلايدۇ بوران ،
شۇندىمۇ يەنىلا سۆيىمەن سېنى .
مەن ئازغان بىر سەيياھ ، خىيالىم شېرىن ،
سۆيىمەن ھاياتىم بولساڭمۇ گۇمران .
بولسىمۇ نۇقسانىڭ ، زوقۇڭ بەھرىدىن
كۈنلىرىم شادلىققا تولىدۇ ھامان .

ياشىساڭ باتۇرلۇق بىلەن ياشا ، كۈل ،
بولمىسا ياشىما ! يوقتۇر باشقا يول .

## قوشۇمچە : چەت ئەل شائىرلىرىنىڭ شېئىر ۋە شائىر ھەققىدىكى ئېيتقانلىرى

**ھيۇگو ( فرانسىيە ) :**

شائىرغا پەقەتلا بىرلا ئۆلگە بولۇشى كېرەك ، ئۇ بولسىمۇ تەبىئىيلىك ؛ پەقەتلا بىر يولباشچى بولۇشى كېرەك ، ئۇ بولسىمۇ ھەقىقەت . شائىر يېزىلىپ بولغان نەرسىلەر ئەمەس ، بەلكى ئۆزىنىڭ روھى ۋە قەلبى توغرۇلۇق يېزىشى كېرەك .

**ئىساكوۋسكىي ( سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ) :**

ئىدىيە بولۇپ ، مۇلاھىزە بولمىسا ، شېئىردىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس . مۇنداق ئەھۋالدا يېزىلغان شېئىر قاپىيىلىك سۆزلەرنىڭ مېخانىك تىزمىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس . مۇنداق شېئىرنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمايدۇ ھەم ھېچكىممۇ ئۇنىڭغا ھاجەت ئەمەس .

**ت . ئېلىيوت ( ئەنگلىيە ) :**

شېئىرنى بارلىق سەنئەتلەر ئىچىدە يەرلىك تۈس بىلەن خاسلىقى ئەڭ كۈچلۈك سەنئەت دېيىشكە بولىدۇ . رەسىم ، ھەيكەلتىراشلىق ۋە قۇرۇلۇش ھەتتا مۇزىكىدىن كۆز ـ قۇلىقى ساق كىشىلەرنىڭ ھەممىسىلا زوق ئالالايدۇ . بىراق ، تىل سەنئىتىدە ، بولۇپمۇ شېئىردا ھەرگىز مۇنداق ئاسان ئىش يوق .



**گاسمودو ( ئىتالىيە ) :**

ھەممىگە مەلۇمكى ، شېئىر دائىم تەنھالىقتىن تۇغۇلىدۇ . تەنھالىقتىكى تىلدىن ئىجتىمائىيشۇناسلىق ، سىياسىيشۇناسلىق شېئىرىي مىسرالىرىغا ئايلىنىپ جەمئىيەتكە تارقىلىدۇ .

**شېكسپىر ( ئەنگلىيە ) :**

ساراڭ ، ئاشىق ۋە شائىرلارنىڭ ھەممىسىنىڭلا كاللىسى مول تەسەۋۋۇرلار بىلەن تولغان . ساراڭ كۆرگەن جىن ـ شاياتۇنلار پايانسىز دوزاختىنمۇ كۆپ . ئاشىق ساراڭغا ئوخشاشلا تەلۋە كېلىدۇ . ئۇ بىر مىسرلىقنىڭ چېھرىدىن ھېلىننىڭ گۈزەللىكىنى كۆرۈپ يېتەلەيدۇ . شائىر كۆزلىرىنى ئويناتقاندا كۆزلىرىدە ئاجايىب ئەسەبىيلىك ئەكس ئېتىدۇ . ئۇنىڭ كۆزلىرى ئاسماندىن يەرگىچە ، يەردىن ئاسمانغىچە بولغان ھەممە نەرسىنى كۆرۈپ يېتەلەيدۇ . ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرى ھېچكىم كۆرۈپ باقمىغان نەرسىلەرنىڭ شەكلىنى چىقىرالايدۇ ، قەلىمى ئۇلارنىڭ تۈرقىنى سۈرەتلەيدۇ . خىيالىي نەرسىلەرنى ھەقىقىي تۇرغۇنلۇق ۋە نامغا ئىگە قىلىدۇ .

**خوراتىئۇس ( يونان ) :**

شېئىردا گۈزەللىك بولسىلا يېتەرلىك ئەمەس ، يەنە چوقۇم سېھرىي كۈچ بولۇشى ، ئاپتورنىڭ ئارزۇسىدەك چىقىشى ، كىتابخانلارنىڭ كۆڭلىدىكىنى تاپالايدىغان بولۇشى كېرەك . ئالدى بىلەن ئۆزۈڭ كۈلسەڭ ، ئاندىن باشقىلارنىڭ چېھرىدە تەبەسسۇم پەيدا قىلالايسەن .

شۇنىڭغا ئوخشاش، ئاۋۋال ئۆزۈڭ يىغلىساڭ، ئاندىن باشقىلارنى يىغلىتالايسەن.

شېئىر رەسىمگە ئوخشاپ كېتىدۇ: بەزىلىرىنى يېقىندىن قارىغاندا ئاندىن ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ، بەزىلىرىنى بولسا يىراقتىن بەزىلىرىنى قاراڭغۇدا كۆرگەن ياخشى، بەزىلىرىنى يورۇقتا. كۆرگۈچىلەرنىڭ قۇسۇر تېپىشىدىن قورقۇشىنىڭ ھاجىتى يوق. بەزىلىرى بىر قېتىم كۆرۈشكىلا يارايدۇ. بەزىلىرىنى كۆرۈپ - كۆرۈپ كۆڭۈل قانمايدۇ.

**بوكاسىئو (ئىتالىيە):**

شائىرلار ئەسەرلىرىدە ئەڭ چوڭقۇر پىكىرنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ خىل پىكىر بەئەينى مېۋە شۆپىكىگە ئورالغان شىرنە، ئۇلار ئىشلەتكەن گۈزەل تىل بولسا مېۋە شۆپىكى ۋە دەرەخ يوپۇرماقلىرىدۇر.

**سۇللى پرودوم (فىرانسىيە):**

بىرى ھېچ سەۋەبسىزلا سىزدىن: «سىز شېئىر يازامسىز؟» دەپ سورىغاندا سىزمۇ ئۇنىڭدىن، ئۆزىڭىزمۇ شېئىر يازامسىز، دەپ سورىسىڭىز ئۇ ناھايىتى خۇش بولۇپ كېتىدۇ.

مۇكەممەل شېئىرىيەت كىشىلەرنىڭ رىتىمغا ئاساسەن سۆز ئىشلىتىپ قەلبىنى ئىزھارلىشىدا. ناباب شائىر سۆز ئاساسىدا پىكىر يۈرگۈزىدۇ. ھەقىقىي شائىر سۆزنى پىكىرگە بويسۇندۇرىدۇ.



**ۋوردسۋورس (ئەنگلىيە):**

بارلىق ياخشى شېئىرلارنىڭ ھەممىسىلا كۈچلۈك ھاياجاننىڭ تەبىئىي ئېقىپ چىقىشى.

شېئىر — بارلىق بىلىملەرنىڭ جەۋھىرى. ئۇ پۈتۈن ئىلىم - پەننىڭ چىرايىدىكى كۈچلۈك ئىپادە.

شېئىر — بارلىق بىلىملەرنىڭ بېشى ۋە ئاخىرى. ئۇ ئادەمنىڭ قەلبىگە ئوخشاش مەڭگۈ ئۆلمەستۇر.

**ۋىتمان (ئامېرىكا):**

ئۇلۇغۋار كىتابخانلار بولغاندىلا، ئاندىن ئۇلۇغۋار شېئىرلار مەيدانغا كېلەلەيدۇ.

**گيوتې (گېرمانىيە):**

بىدئەتلىك تۇرمۇشتىكى شېئىر، شۇڭا بىدئەتلىك ئىدىيىسىنىڭ بولۇشى شائىرلارغا زىيان يەتكۈزمەيدۇ.

**پېئىر رېۋېردى (فىرانسىيە):**

شېئىر ھازىر تېخى مەۋجۇت بولمىغان نەرسىلەردە مەۋجۇت. شېئىر ھازىر بىزدە تېخى كەمچىل بولغان نەرسىلەردە مەۋجۇت. شېئىر بىز ئىزلەۋاتقان نەرسىلەردە، شېئىر بىزنىڭ ۋۇجۇدىمىزدا، لېكىن ئۇ بىزدەك مۇنداق ئادەملەرنىڭ ئەمەس بەلكى بىز بولۇشنى ئىستەيدىغان ئادەملەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا. شېئىر بىز بارماقچى بولغان جايدا، لېكىن بىز تېخى ئۇ يەرگە يېتىپ بارالمىدۇق.

شېئىر رېئاللىق بىلەن ئۇشقاشقان ھامان، خۇددى ئەرۋاھ كۈن نۇرىغا يولۇققاندەك غايىپ بولۇپ كېتىدۇ.

شېئىر سۆز بىلەن، يەقەتلا سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. سۆز شېئىردىكى يوشۇرۇن خادا تاشتۇر. نۆۋەتتە كەلگەندە بىر سۆز ئەڭ گۈزەل بىر شېئىرنى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلالايدۇ.

شائىر زور ئادەم، لېكىن ئۇ يىڭنە تۆشۈكىدىنمۇ ھېچ كۈچىمەيلا ئۆتۈپ كېتەلەيدۇ. شائىر بارمالتاق ئادەم، لېكىن ئۇ پۈتۈن كائىناتنى تولدۇرالايدۇ.

**رېنې شار (فرانسىيە):**

شائىر سانسىز تىرىك ئادەملەرنىڭ چىرايىنى يىغىپ ساقلىغۇچى.

شائىر جىددىي خەۋەر يەتكۈزگۈچى بالا.

شېئىر بىلىمدىن بۇرۇنقى تەسەۋۋۇر. دىن بولسا بىلىم پەيدا بولغاندىن كېيىنكى تەسەۋۋۇر.

دىن بىلەن شېئىر ماھىيەتتە ئوخشاش. ئوخشىمايدىغان يېرى ئۇلارنىڭ ئەمەلىي ئىش، نەرسىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدە. شېئىر تۇرمۇشقا قول تىققاندا دىن دەپ ئاتىلىدۇ. دىن پەقەت تۇرمۇشقىلا مەنسۇپ بولغاندا شېئىر بولۇپ قالىدۇ.

**ناكاخارا ناكايا (ياپونىيە):**

ئادەملەرگە مېھىر ـ شەپقەت لازىم، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئالدى بىلەن تەڭرىگە ئېتىقاد قىلىشى كېرەك. سەنئەت تەڭرىگە تەقلىد قىلىنىدۇ، ھەرگىزمۇ تەبىئەت دۇنياسىغا تەقلىد قىلىنمايدۇ.



**خىجى بانسىي (ياپونىيە):**

شېئىر بىكارچىلارنىڭ جۆيلۈشى ئەمەس ھەم كىملا كۆرسە ئۆگىنىۋالالايدىغان ھۈنەرمۇ ئەمەس.

**سانگى تسسىكازا (ياپونىيە):**

سىمۋول قەلبنىڭ دېرىزىسى. كۆرۈنمەس دۇنيادىن ئايرىلغاندا سىمۋول بولمايدۇ. تۇيغۇ تەكشۈرۈشنىڭ سەپەردىشى. سەنئەتكە لازىملىق تۇيغۇ ئەمەس بەلكى تۇيغۇغا مەنسۇپ روھ. ئەڭ مۇنەۋۋەر شائىر مەڭگۈ قىلنى قىرىق يارغۇچىدۇر.

**خورىگۇچى دايىگاكۇ (ياپونىيە):**

مېنىڭ شېئىرلىرىم چۈشتۇر. چۈش دېمەك مېنىڭ ھەقىقىتىمدۇر.

**خىناتسى كونوسكې (ياپونىيە):**

شېئىر بىر خىل سەنئەت. ئىپادىلەشنىڭ ھاياتىي كۈچى شەكىلدە. بىز دەل شەكىل ئارقىلىق ئىچكى ھاياتىي كۈچ ئۇچۇرىنى يەتكۈزمەكتىمىز...

**مۇرائو كۇراخۇشى (ياپونىيە):**

مەن ئۈچۈن شېئىر مەڭگۈلۈك دىن. مەن شېئىرنى سۆيىمەن، بولۇپمۇ شېئىرىي تۇيغۇ قوزغالغان دەقىقىنى.

**نېئىپي شىگېجى (ياپونىيە):**

شېئىر دېگەن نېمە؟ شائىر دېگەنچۇ؟ بىز بۇ سوئاللارغا بارلىق كونا كۆز

قاراشلارنى چۆرۈپ تاشلاپ يۈرەكلىك ھالدا قايتىدىن جاۋاب بېرىشىمىز كېرەك ! شېئىر بومبا دېگەنلىكتۇر . شائىر بولسا تۈرمىنىڭ مەزمۇت تېمى ۋە ئىشىكىنى پارتىلاتقۇچى جەسۇر مەھبۇز .

**تاگور ( ھىندىستان ) :**

شېئىرنى چۈشىنىشنىڭ ئاساسلىق مۇساپىسى — شېئىردىن بەھىرلىنىشتۇر .

**بېلىنسكىي ( روسىيە ) :**

شائىر ئوبراز ئارقىلىق پىكىر قىلىدۇ ، ئۇ ھەقىقەتنى ئىسپاتلىمايدۇ ، بەلكى ھەقىقەتنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ . شائىر كۆڭلىدە ئەكس ئېتىدىغىنى پىكىر ئەمەس بەلكى ئوبراز . شائىر ئوبراز ئارقىلىق پىكىرنى ھېس قىلالايدۇ .

ھېسسىيات بولمىسا شائىر بولمايدۇ .

**جىبران ( لىۋان ) :**

شېئىر — سۆزلىنىدىغان پىكىر ئەمەس بەلكى يارا ئېغىزىدىن ياكى كۈلكىدىن ئۇرغۇپ چىققان ناخشىدۇر .

ئىلھام — دائىملىق كۈيلەشتۇر ، ئۇنىڭغا ئىزاھات كەتمەيدۇ .

**پابلو نېرۇدا ( چىلى ) :**

شائىر ئالدى بىلەن رېئالىزمچى بولۇشى كېرەك . رېئالىزمچى بولمايدىكەن ، ئەرزىمەس شائىر ھېسابلىنىدۇ .



شائىرنىڭ يازغىنى ئەقلىگە سىغمايدىغان نەرسە بولۇپ ، ئۇنى ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم چۈشەنمىسە ، بۇ ئېچىنىشلىق ئىشتۇر . ئەگەر ئۇنىڭ يازغىنى پۈتۈنلەي ئەقىلگە سىغىدىغان نەرسە بولۇپ ، ئۇنى ھەرقانداق دۆت - كالۋالارمۇ چۈشىنەلەيدىغان بولۇپ كەتسە ، بۇ تېخىمۇ ئېچىنىشلىق ئىشتۇر .

**پۇشكىن ( روسىيە ) :**

شائىر ئۈچۈن ئەڭ مۇھىمى سەممىيەتلىكتۇر .

**سېفېرىس ( گرېتسىيە ) :**

شېئىر ئادەمنىڭ ھېس - تۇيغۇسى ۋە ئىش - ھەرىكىتىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ . ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ تىنىقلىرىدا ھاياتىنى نامايان قىلىدۇ . ئەگەر تىنىق توختىسا ، شېئىر سۆزدىن ئىشەنچكە تولغان ئىش - ھەرىكەتكە ئايلىنىدۇ . ئادەمنىڭ كۆڭلىنىڭ پاراكەندە بولۇشى ئىشەنچىنىڭ كەمچىل بولۇشىدىن كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمىسا كېرەك .

**دېموكرىت ( قەدىمكى گرېتسىيە ) :**

شائىرنىڭ قىزغىنلىقى بىلەن مۇقەددەس ئىلھامدىن مەيدانغا كەلگەن ھەربىر مىسرا شېئىر ، شۈبھىسىزكى ، گۈزەل بولىدۇ .

**دېگو ( ئىسپانىيە ) :**

شېئىر ئىنسانىيەتنىڭ مۇقەددەس نۇرىنىڭ سايىسى . ئىنسانىيەت بولمايدىكەن ، شېئىر بولمايدۇ . بىراق شېئىر

ئىنسانىيەتكە يول كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ ھەم ئىلھام بەخش ئېتىدۇ.

**ساللناس ( ئىسپانىيە ) :**

مېنىڭ قارىشىمچە، شېئىر ۋە شائىرنىڭ نىسپىي قىممىتى ھەققىدىكى بارلىق تالاش - تارتىشلارنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق. شېئىرلارنىڭ ھەممىسلا تەگداشسىز، جاھاندا بىر، خۇددى نۇر ياكى قۇم دانچىلىرىغا ئوخشاش.

مېنىڭ شېئىرلىرىمنى ئۆز شېئىرلىرىم چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مەن ئەزەلدىن شېئىرلىرىمنى چۈشەندۈرۈشنىڭ بىرەر ئۇسۇلىنى تاپقان ئەمەس ھەم بۇ ھەقتە ئويلىنىپمۇ باقمىغان.

**ئوكتاۋىئو پاز ( مېكسىكا ) :**

شېئىرنى چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ، ئەمما بۇ ئۇنى چۈشەنگىلى بولمايدۇ دېگەنلىك ئەمەس.

ھەر بىر شېئىردا رېتىملىق تىل بولىدۇ. ئەمما، شېئىر رېتىملىق تىل ( ناخشا تېكىستى ) ياكى فونېتىكىلىق رېتىملا ( ھەرخىل تىللارنىڭ ھەممىسىدە بولىدىغان ئالاھىدىلىك، نەسرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە ) ئەمەس.

پەقەت بىر بوغۇمدىنلا تۈزۈلگەن بىر شېئىرنى



ھەرگىزمۇ « ئىللاھلار كومېدىيىسى » ياكى « جەننەتتىن قوغلىنىش » تەك مۇرەككەپ ئەمەس دېگىلى بولمايدۇ. « ساتاسخاسرىكا سۇترا » دا كىشىلەرگە ساۋاق بېرىش ئۈچۈن يۈزمىڭ بوغۇم ئىشلىتىلگەن، « ئېكساكسارى » دا بولسا « a » ① دىن ئىبارەت بىرلا بوغۇم ئىشلىتىلگەن. بارلىق تىل، بارلىق مەنىلەر ھەم ئاداققى تىل ۋە دۇنيانىڭ مەنىسىزلىكىنىڭ ھەممىسلا مۇشۇ بوغۇمنىڭ ئاھاڭىغا مۇجەسسەم بولۇپ كەتكەن.

بىر شېئىرنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۇنى ئاڭلاش كېرەك.

بىر سۆزنى ئاڭلىغاندا، ئۇ كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولىدۇ، سۈكۈت ئىچىدە چوڭقۇر خىيالغا پاتقان چېغىمىزدا بولسا غايىب بولىدۇ. ھەر قېتىم بىر شېئىرنى ئوقۇغىنىمىزدا، ئۇ بىزنى سۈكۈتكە چۆمدۈرىدۇ.

بىر شېئىرنى ئوقۇش ئۇنى كۆزىمىز بىلەن ئاڭلاش دېگەنلىكتۇر. ئاڭلاش قۇلىقىمىز بىلەن كۆرۈش دېگەنلىكتۇر.

بىر شېئىرنى ئوقۇغان ياكى ئاڭلىغان چېغىمىزدا سۆزلەرنى پۈراپ يۈرمەيمىز، تېتىمايمىز ياكى سىلىمايمىز.

---

① « a » بۇ يەردە بارلىق خەت، تاۋۇشلارنىڭ ھەتتا ئىدىيە، ئىدراكنىڭ باشلىنىشىنى بىلدۈرىدۇ.

بۇ تۈيغۇلارنىڭ ھەممىسىلا تەپەككۇرنىڭ ئوبرازىدۇر .

گەرچە شېئىر مەڭگۈ ئۆزگىرىپ تۇرسىمۇ ، ئەمما ئىلگىرىلىمەيدۇ .

بىر شېئىرنىڭ تەكتىگە يېتىش ئۈچۈن ئۇنى چۈشىنىشىمىز كېرەك ، چۈشىنىش ئۈچۈن ئۇنى ئاڭلاپ ئەكس ساداغا ، كۆرۈپ سايىگە ، تەھلىل قىلىپ يوقلۇققا ئايلاندۇرۇشىمىز كېرەك . چۈشىنىش بىر خىل روھىي پائالىيەت دېمەكتۇر .

كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى پاراڭلاردا ، بىر جۈملە سۆز يەنە بىر جۈملە سۆزگە ئاساس سېلىپ بېرىدۇ . ئۇ خۇددى ئۈچى ۋە ئاخىرى بار زەنجىرگە ئوخشاپ كېتىدۇ . بىر شېئىردىكى بىرىنچى مىسرا ئەڭ ئاخىرقى مىسرانىڭ مەنىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ، ئەڭ ئاخىرقى مىسرا تۇنجى مىسرانى ئەسلىتىپ تۇرغان بولىدۇ . شېئىر بىزنىڭ تۈز سىزىقلىق ھەرىكەت قىلىدىغان ۋاقىتقا ، يەنى ئىلگىرىلەشكە تاقابىل تۇرۇۋشىمىزدىكى بىردىن بىر يۆلەنچۈكىمىز .

شائىرنىڭ ئەخلاق قارىشى ئۇ بىر تەرەپ قىلغان ماتېرىياللار بىلەن ياكى ئۇنىڭ مۇلاھىزىلىرى بىلەن ئەمەس ، بەلكى ئۇنىڭ تىلغا تۇتقان پوزىتسىيىسى بىلەن ئۆلچىنىدۇ .

شېئىردا ، ماھارەت ئەخلاق قارىشىنىڭ يەنە بىر خىل ئاتىلىشىدۇر . ئۇ سۆزلەرنىڭ مەشغۇلاتى ئەمەس ،



ساختا شائىرلار دائىم دېگۈدەك يالغاندىن باشقىلارنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ ئۆزىنىلا سۆزلەيدۇ . ھەقىقىي شائىرلار ئۆزى بىلەن سۆزلىشىش بىلەن بىرگە يەنە باشقىلار بىلەنمۇ سۆزلىشىدۇ .

« تۇتۇق » ئەسەر بىلەن « ئاشكارا » ئەسەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرق مۇتلەق ئەمەس . تۇتۇق شېئىرلارنى تولۇق چۈشىنىمىز دەيدىكەنمىز ، ئارىغا بىرەر ئادەم چۈشۈپ ، چۈشەندۈرۈشى كېرەك . ئاشكارا شېئىرلارمۇ ھېچ بولمىغان بىر باشلىنىش نۇقتىسى ياكى بوددىست ئېيتقان پىكىر « ئاچقۇچى » دەك ئەڭ تۆۋەن قۇرۇلمىغا ئىگە بولغان بولۇشى كېرەك . ئالدىنقى ئەھۋالدا ، كىتابخانلار شېئىرنى ئاشكارىلىۋېتىدۇ ، كېيىنكى ئەھۋالدا ، شېئىرنى ئوقۇپ بولۇپ يېپىپ قويىدۇ .

بىر ۋاراق ئاق قەغەز ، ياكى تىنىش بەلگىلەردىن باشقا ھېچنېمە بولمىغان قەغەز بەئەينى قۇشسىز قەپەسكە ئوخشايدۇ . ھەقىقىي ئاشكارا ئەسەر ئىشىكى ھەم ئېتىلگەن ئەسەردۇر . كىتابخان ئۇنى ئېچىپ ، قۇش — شېئىرنى قويۇۋېتىدۇ .

مەيلى ئاشكارا ياكى يېپىق بولسۇن ، شېئىر ئۆزىنى يازغان شائىرنىڭ ۋەسىيەت قالدۇرۇشىنى ، ئۆزىنى ئوقۇغان شائىرنىڭ قايتا تۇغۇلۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ .

شېئىر مەنا بىلەن مەڭگۈ تىركەشكۈچىدۇر . شېئىرىيەتتە ئىككى قۇتۇپ بار : بىرىدە شېئىر بارلىق

مەنىلەرنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان بولىدۇ، بۇ بارلىق مەنىلەرنىڭ مەنىسىدۇر؛ يەنە بىرىدە شېئىر تىلىدىكى ھەر قانداق مەنىنى ئىنكار قىلىدۇ. دەۋرىمىزدە ماللار مېنىڭ شېئىرلىرى ئالدىنقى قۇتۇپقا ۋەكىللىك قىلىدۇ. دادائىزم تىل سىرتىدىكى تىل ياكى تىل ئارقىلىق تىلنى بەربات قىلىش بولۇپ، كېيىنكى قۇتۇپقا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

دادائىزم تىلىنىڭ مەغلۇبىيىتى شائىرلارنىڭ غەلىبىسى دەپ قارىغاچقا ئاخىر مەغلۇپ بولدى. ھالقىما رېئالىزم، تىل شائىرلارنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانى، دەپ جاكارلىدى. ياش شائىرلار ئاپتور بىلەن كىتابخان ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى يوقىتىشقا بەكرەك ئىنتىلدى ۋە بۇ ئارقىلىق سۆزلىگۈچى بىلەن تىڭشىغۇچىنىڭ ئورتاقلىقىنى بايقىدى. بۇ ئورتاقلىق دەل تىلنىڭ يۈرىكىدۇر.

شېئىر چوقۇم كىتابخاننى ھاياجانغا سېلىشى، ئۇنى ئاڭلاشقا، يەنى ئۆزىنى ئاڭلاشقا مەجبۇر قىلىشى كېرەك.

شېئىرنىڭ ھەرىكىتى سۆزگە بولغان ئامالسىزلىق كەلتۈرۈپ چىقارغان ئۈمىدسىزلىكتىن تۇغۇلۇپ، سۈكۈتكە بولغان مۇكەممەل تونۇش قويىدا ئۆلىدۇ.

شائىر تىلنى تارمار قىلىش ياكى ئۆزگىچە بىر خىل تىل ئىجاد قىلىش كويىغا چۈشكەن، مەنىسىزلىك ۋە چۈشەندۈرگىلى بولمايدىغان قورقۇنچلۇق مەنىنىڭ سېھرىي كۈچىنى ھېس قىلىپ يەتكەن چاغدىلا ھەقىقىي شائىر بولالايدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن دۇنيادا بىرمۇ ئادەم شائىر



بولالمايدۇ.

شېئىر چوقان بىلەن سۈكۈت، بارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان مەنە بىلەن مەنىسىزلىك ئارىسىدىن ئاپىرىدە بولغان. بۇ زادى نېمە دېگەنلىك؟ بۇ سۈكۈت ۋە چوقان ئاللىبۇرۇن ئېيتىلىپ بولغان نەرسىلەردۇر، دېگەنلىك. ناۋادا بۇ نەرسىلەر سۆزلەنسە، شاۋقۇن - سۈرەن ۋە سۈكۈت توختاپ قالىدۇ. بۇ ئىشەنچسىز غەلىبىدۇر، چۈنكى ئۇ باشتىن - ئاياغ ھېچنېمىنى سۆزلىمەيدىغان يېزىقنىڭ، «يوقلۇق» نى سۆزلەيدىغان سۈكۈتنىڭ تەھدىتىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ.

بىر شېئىرنىڭ ئۆلمەس شېئىر ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەنلىكىمىز تىلنىڭ ئۆلمەس ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەنلىكىمىزدۇر. بىز چوقۇم پاكىت ئالدىدا باش ئېگىشىمىز كېرەك. تىلمۇ تۇغۇلىدۇ ۋە ئۆلىدۇ. ھەر قانداق مەنە ئاخىر بىر كۈن ئۆز مەنىسىنى يوقىتىدۇ. بۇ خىل يوقىتىش ئەجابا مەنىسىنى يوقاتقان مەنىنىڭ مەنىسىمۇ؟ بىز چوقۇم پاكىتقا باش ئېگىشىمىز كېرەك...

شېئىر بەئەينى گېرمانىيە رەسساملىرىدىكى يالىڭاچ ئايال. ئۇ ئۆلۈمگە سىمۋول قىلىنغان غەلىبە، چېرىگەن تەنىنىڭ نۇر چېچىپ تۇرغان تىرىك ئابىدىسى. مانا بۇ يېزىقنىڭ غەلىبىسى.

شېئىر بىلەن ماتېماتىكا تىلنىڭ ئىككى قۇتۇپىدۇر. ئۇلاردىن ھالقىغان دائىرىدە ھېچنېمە مەۋجۇت ئەمەس ھەم

بۇ دائىرىنى چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ. ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسى ناھايىتى كەڭرى. ئۇ تىل ئۈچۈن چەكسىز بىر بوشلۇقتۇر.

سۈكۈتكە پاتقاندا شائىرنىڭ بىردىنبىر تايىنىدىغىنى سۆزلەشتۇر.

**كارل ساندبۇرگ (ئامېرىكا):**

1. شېئىر — تەكرارلىق، بوغۇم، دولقۇن ئۇزۇنلۇقلىرىنىڭ بەلگىلىك ئىنتىلىشلىرىنىڭ جىمجىتلىقنى بۇزغان، جىمجىتلىقتىن ھالقىغان رىتىملىرىنىڭ ئەكس ئېتىشى.

2. شېئىر — قۇرۇقلۇقتا ياشاۋاتقان، ئاسماندا ئۇچۇشنى ئويلايدىغان دېڭىز ھايۋانلىرى پۈتكەن خاتىرە.

3. شېئىر — ئۇيۇقتا بەكلا تېز پېتىپ كېتىۋاتقان ھەم چۈشەندۈرۈش تەس بولغان تۇرمۇش ھەققىدىكى بىر قاتار چۈشەندۈرۈشلەر.

4. شېئىر — ئايان بولمىغان ۋە بىلگىلى بولمايدىغان تۇسۇقلارنى ئوقۇقا تۇتىدىغان بوغۇملار ھەققىدىكى ئىزدىنىش.

5. شېئىر — تېپىشماقنىڭ تۈگمىسى قادىلىپ، شار ئىچىگە قامال قىلىنىپ لەگلەكنىڭ داقىراتمىسىغا باغلاپ قويۇلىدىغان، باھار شامالىرى بىلەن بىللە كۆك ئاسماننىڭ زەررەك رومىلىغا سىڭىپ كېتىدىغان تەڭلىمە.

6. شېئىر — نەم تۇپراقتا تىركىشىۋاتقان گۈل يىلتىزى بىلەن كۈن نۇرىدا جىلۋىلىنىپ تۇرغان گۈل تاجىسى ئوتتۇرىسىدىكى سۈكۈت ۋە پاراڭلار.



يىلتىزى بىلەن كۈن نۇرىدا جىلۋىلىنىپ تۇرغان گۈل تاجىسى ئوتتۇرىسىدىكى سۈكۈت ۋە پاراڭلار.

7. شېئىر — زېمىنغا رولچىلىق قىلىپ ھاياتلىقنى بېقىپ ئۆستۈرۈش، ئاندىن يەنە ھاياتلىقنى دەپنە ئېتىشتىن ئىبارەت بىمەنىلىككە ئوخشاپ كېتىدىغان بۇ ھەقىقەتنىڭ ئويۇنچۇقى.

8. شېئىر — ھەسەن - ھۈسەن قانداق شەكىللىنىدۇ ۋە قانداق غايىب بولىدۇ دېگەندىن ئىبارەت بۇ سىر ھەققىدىكى سىنارىيە.

9. شېئىر — نەرگىز گۈل بىلەن بولكىنىڭ بىرىكمىسى.

10. شېئىر — كىشىلەرگە دالانچىدا تۇرۇپ ئىشىكنىڭ قانداق ئېچىلىپ - يېپىلغانلىقىنى كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا تەسەۋۋۇر قىلدۇرۇش.

责任编辑：穆纳尔江
封面设计：麦克汗
责任校对：帕丽丹·艾力
技术编辑：亚生·吐尔地

受伤的心 （维吾尔文）
（外国优秀诗歌选）
帕尔哈提·伊力亚斯 编译

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放南路348号 邮政编码830001）
新疆新华书店发行
新疆人民出版社微机室排版
哈密地区印刷厂印刷
787×1092毫米 32开本 6.75印张 2插页
1998年3月第1版 1998年3月第1次印刷
印数：1——5000

ISBN7—228—04343—X/I·1587 定价：7.00元

ISBN 7-228-04343-X
9 787228 043439 >

ISBN 7 - 228 - 04343 - X
I·1587（民文）定价:7.00 元